تۇنسا ئوسمان

# پەسىللەر





شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



شائىرە تۇنىسا ئوسمان

تۇنسا ئوسمان

# خىسلەت

(شېئىرلار توپلىمى)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

风格:维吾尔文/吐尔尼沙·乌斯满著。—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000

ISBN7—228—06080—6

Ⅰ.风… Ⅱ.吐… Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.I227

中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第71167号

责任编辑:吐尔尼沙·艾山

封面设计:王阳

责任校对:阿斯亚·艾合买提

**风格** (维吾尔文)

(诗集)

吐尔尼沙·乌斯满著

---

新疆人民出版社出版

(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)

新疆新华书店发行

新疆人民出版社微机室排版

新疆工商印刷厂印刷

787×1092毫米 32开本 4.875印张

2000年10月第1版 2000年10月第1次印刷

印数:1——3,000

---

ISBN7—228—06080—6/I·2231 定价:7.00元

## مۇھەررىردىن

تۇنىسا ئوسمان 1950 ـ يىلى قەشقەرنىڭ يوپۇرغا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1955 ـ يىلدىن 1964 ـ يىلغىچە باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1965 ـ يىلدىن 1981 ـ يىلغىچە تېرىم يېزا سەگگىلەچ مەكتەپتە ئىشلىگەن. 1981 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتى ۋە شىنجاڭ رادىئو سىنىپىدا داشۆسىدە ئوقۇغان. 1985 ـ يىلدىن ھازىرغىچە «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر، مۇخبىر بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇ 1973 ـ يىلى «ئورمىچى قىز» ناملىق شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن. ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىر، ھېكايە، ئوچېرك، ئەدەبىي ئاخبارات، ماقالە، ئوبزور ۋە زىيارەت خاتىرىلىرى ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى. بىر قىسىم شېئىرلىرى «ئۆزگەش»، «ئارزۇ بوستانى»، «سۈزۈك بۇلاق» ناملىق شېئىر توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭ «سۇمبۇل چاچنى ئىزدەيمەن» ناملىق ناخشا تېكستى 1992 ـ يىلى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى مىللەتلەر بۆلۈمى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ ئۈن ـ سىن نەشرىياتى ۋە قەشقەر خەلق رادىئو ئىستانسىسى قاتارلىق تۆت ئورۇن بىرلىكتە تەشكىللىگەن 4 ـ قېتىملىق ناخشا ئىجادىيەت مۇسابىقىسىدە 2 ـ دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1994 ـ يىلى گېزىتلەرنىڭ ئەدەبىيات بېتىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا «قىز ـ چوكانلار نورۇزنىڭ كۆركى» دېگەن شېئىرى ئاپتونوم

رايون بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى . « ئەقىدە » ، « كۆڭلۈم » ، « چوكانلار » ، « يۈرىكىمدە يۇرتۇم سۆيگۈسى » قاتارلىق بىر قىسىم شېئىرلىرى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن گېزىت ـ ژۇرناللارنى باھالاش مۇسابىقىسىدە 1 ـ 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى . « بۇرچ قەسىدىسى » ناملىق ئاخبارات ئوچېركى 8 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت ، ئوبلاست ، ئايماق ، ۋىلايەت ، شەھەر گېزىتلىرىنىڭ ياخشى خەۋەرلىرىنى باھالاشتا 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى . « دەسلەپكى ئىمتىھاندىن ياخشى ئۆتكەن ئايال » ماۋزۇلۇق ئاخبارات ئوچېركى « شىنجاڭ گېزىتى » بويىچە 1995 ـ يىللىق ياخشى خەۋەرلەرنى باھالاشتا 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى .

بۇ توپلامغا ئاپتورنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىجاد قىلغان شېئىرلىرىنىڭ بىر قىسمى تاللاپ كىرگۈزۈلدى . ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، قەشقەر « قۇتادغۇبىلىك » تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى .

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ،

# مۇندەرىجە


دەرمەن ........................................ 1

پەرۋاز قىل ........................................ 3

دوستۇمغا ........................................ 5

پەن ئۆمۈرلۈك ھەمرىيىم ........................................ 6

ياشلىق قىممىتى ........................................ 7

دېھقانىنىڭ قەدرى ........................................ 9

دوستۇمغا ........................................ 11

باغۋەن بىلەن مايىسلار ........................................ 13

تاپتىم ........................................ 15

ئەمدى ........................................ 17

بىلىم ئالغىن ........................................ 18

خىسلەت ........................................ 19

بولمىسا ........................................ 22

ئارزۇ ........................................ 24

ۋەتەنگە مۇھەببەت ........................................ 26

قاينام ئۆركىشى ھەققىدە مۇخەممەس ........................................ 27

كەلسەڭ ........................................ 29

بەختىم ........................................ 30

كۆرسەم ........................................ 32

خەتنىڭ سىرى ........................................ 33

چىم بىلەن قامغاق ........................................ 34

بىلدىم ئەسلى ........................................ 37

شائىرلىقنىڭ ھەسرىتى ........................................ 38
ئەقىدە ........................................ 39
مەيداندا ........................................ 41
سۇرەتكە قاراپ ........................................ 43
قىممەتلىك ئىزلار ........................................ 48
كۆزنىڭ گۇناھى ........................................ 50
جاپا چەكسەم ........................................ 51
مۇھەببەت دەمسەن، مەنپەئەتمۇ ؟ ........................................ 53
مۇخبىرغا تىلەك ........................................ 54
ئالما پىشقاندا ........................................ 55
بىۋاپا ........................................ 57
كامال تاپقىن تەگرىتاغ ........................................ 59
غەزەللەر ........................................ 61
تۆھپىكارغا ........................................ 64
چېچەكنىڭ ئۆمرى ........................................ 65
ماختىما ........................................ 67
ئانا قەلبى ........................................ 70
قىزنىڭ ئارزۇسى ........................................ 73
باغقا كىرسەم ........................................ 75
ئەجەبا ........................................ 76
مەرھابا نورۇز ........................................ 78
ئامرىقىم باغۋەن ........................................ 80
كۇتۇش ........................................ 81
سۇكۇتتىكى جانانغا ........................................ 83
دېھقان ناخشىسى ........................................ 86
رەنجىمە ........................................ 87

رەنجىمدىم سىنىڭدىن ............ 88
چوكانلار ............ 89
كۆڭلۈم ............ 90
شامالدىن سورايمۇ ؟ ............ 92
سۇمبۇل چاچنى ئىزدەيمەن ............ 94
سىغىنىدىڭمۇ نورۇزنى ئەركەم ............ 95
سەپەر ئالدىدا ............ 97
گۈلزارغا ............ 99
مۈشكۈل يوللاردا ............ 100
كۈتتۈم ئۇزاق ............ 102
شائىرلىق سىرى ............ 107
چىرايلار ............ 108
گۈل ۋە ئىشەك ............ 111
قۇشلار مېنىڭ دوستۇمدۇر ............ 113
ئانا مېھرى ............ 116
شۇ ئەتلەستە كىيەيلى كۆڭلەك ............ 119
كۆكلەم ............ 120
ئەيلىمە ............ 121
تورغاينىڭ ھەسرىتى ............ 122
ۋەتەن ئىشتىياقى ............ 125
خامان ناخشىسى ............ 126
ئانىنىڭ خېتى ............ 128
بىر دوستۇمغا ............ 129
شارچە خىسلەت ............ 131
ۋاپادىن گۈل قساي بېشىڭغا ............ 133
ساۋاق ............ 135

تۇيۇقلار ........................................ 136
يېڭى يىل ھارپىسى ........................................ 139
قورچىقىم ........................................ 141
سەن سۆيگەننى سۆيىمەن ........................................ 143
مۆشۈكنىڭ شەپقىتى ........................................ 144

## دەرمەن

پەلەك ئىيتقىن ، نىچۆن سالدىڭ ماڭا كۇرمىڭ جاپا دەرمەن ،
نىچۆن خەق ئوينىسا خۇشخۇي مىنىڭ كۆڭلۈم خاپا دەرمەن .

تۇغۇلغان چاغدىلا شۇنداق پۈتۈلگەنمۇ مىنىڭ رىزقىم ،
نىچۆن تۇرمۇشتا بەركەت يوق ۋە يا ئىشتا ساپا دەرمەن .

نىچۆن باش كۆتۈرەلمەيمەن ھەمىشە دەردۇ ئەپغاندىن ،
قىلىپ سالدىمۇ بىر ئىشنى ئۆزۈم باشتا خاتا دەرمەن .

نىچۆن ئۆستەڭنى مەن چاپسام ، سۇيى ـ شەربەتلىرى خەقنىڭ ،
نىچۆن مەشۇتنى مەن تارتسام ماڭا يوق گەز ماتا ، دەرمەن .

قىلىپقا دۇمچىيىپ ئۇلغا ھەمىشە خىشنى مەن قۇيسام .
بىكارلار كاتتا ئايۋاندا نىچۆن مەن بى پاناھ ، دەرمەن .

جۇۋازغا ئات ، ئۆكۈزگە مەپىنى كىم قىلدى بەخشەندە ،
تونۇ سەللە كىيىپ بۆرە نىچۆن قويغا ئاتا ، دەرمەن .

ئەگەركى كىمنى دوست تۇتسام ، ئۆمۈرلۈكمەن ساڭا دەيدۇ ،
بىراق خامان بىشىدا ئۇ نىچۆن قىلماس ۋاپا دەرمەن .

« سىنىڭدىن رەنجىدىم » دەپ يا ئىغىز ئۆمەللىيەلمەسمەن ،
تۇرۇپ شۇنداق نىچۆن ئىشتىتىم ، تىخى تەنە ـ تاپا ، دەرمەن .

ئىكەن قىلغانلىرىم توغرا نېچۇنكى تاپمىدىم روناق ،
ئەگەر بولسا خاتا ، قىلدىم نېمە ئىشنى خاتا ، دەرمەن .

1974 ـ يىل ، يوپۇرغا ، تېرىم

# پەرۋاز قىل

( پېشقەدەم ئۇسسۇلچىغا بېغىشلايمەن )

كۆزۈڭ بەخت ئىلكىدە چاقنار ، لېۋىڭدە خۇش تەبەسسۇم بار ،
قىلىپ پەرۋاز بولۇپ قالغاچ كۆرۈندۈڭ سەھنىدە ـ زالدا .
جەلپ ئەتتىڭ تۇمەن دىلنى ساڭا خاستۇر هامان ئالقىش ،
سېنى كۆرگەن تالاي كۆزلەر قېلىشتى هەس ۋە لال هالدا .

كۆرۈپ قايتا سېنى زالدا تەپەككۇر قۇشلىرىم ئۇچتى ،
بېرىپ يەتتى زىمستانلىق ئاشۇ مۇدهىش زامانلارغا .
ئۇ چاغ ئەرك يوق ئىدى ئەلدە كېسىلگەن هەق دېگەن تىللار ،
خەلقىنىڭ تەقدىرى قالغانىدى تەلۋە ـ نادانلارغا .

ۋاقىتسىز جۇت زىمستاندىن بولۇپ سەنئەت بېغى ۋەيران ،
چىمەندىن ئايرىلىپ بۇلبۇل ، هوقۇش ، زاغ قالدى باغلاردا .
ئۇسسۇلچى قارلىغاچ بولدى جۇدالىق دەشتىدىن نىمجان ،
تىلەشتى زاغ ، هوقۇش شۇملۇق شەهەر ، سەهرادا ، تاغلاردا .

ساڭا هەم ئەيلىدى « ئېهسان » ، « سېخى يىللار » سىلىپ كۆلپەت ،
« شاياتۇنلار پىرى » بولدۇڭ سولاندىڭ تەكتى زىندانغا .
زۇلۇمغا ئەگمىدىڭ سەن تىز ، ئىشەنگەچكە كېتەر قىش دەپ ،
چىدام غەيرەت ئېرىشتۇردى سېنى هۆر ـ بەختىيار تاڭغا .

تەبىئەتنىڭ يولى شۇدۇر ، كېتەر قىش ۋە كېلەر كۆكلەم ،

كېلىپ نورۇز پاچاقلاندى كىشەن ، چۈمدى زېمىن نۇرغا .
سېنىڭمۇ كەلدى دەۋرانىڭ خۇشال سەھنىدە پەرۋاز قىل ،
جىمى قۇشلار قاتارىدا ئۇلاپ داستاننى مەرغۇلغا .

1980 ـ يىل دېكابىر

## دوستۇمغا

ئاڭلا دوستۇم، بۇ قەدىرلىك ياشلىقىڭ،
سۇدىكى بۇژغۇن كۆپۈكتەك ئۆتمىسۇن.
ياشلىقىڭدا ئەلگە شىرىن مېۋە بەر،
شۇ مېۋەڭنىڭ تەمى تىلدىن كەتمىسۇن.

چۈنكى بۇ ئۆمرۈڭدىكى پەسلى باھار،
كۈنسېرى تاپسۇن كامالەت ـ كۆكلىسۇن.
سۆي ئىلىم رەناسىنى چىن دىل بىلەن،
بول جەسۇر، مۈشكۈل ـ يولۇڭنى توسمىسۇن.

1981 ـ يىل يانۋار

# پەن ئۆمۈرلۈك ھەمرىيىم

بەزىلەر دەيدۇ ماڭا : « يالغۇز قىيىندۇر كۈنۈڭىز ،
جان كۆيەر سىرداشىڭىز تۇرمۇشتا ھەمدەم بولمىسا .
قايغۇڭىز ۋە كۈلكىڭىزنى كىمگە ئېيتارسىز ئۇكام ،
مەڭگۈلۈك ھەمراھىڭىز ھەر ئىشتا دەرقەم بولمىسا .

مەن دېدىم : بۇ ھەق ، لېكىن يالغۇز ئەمەسمەن بىر ئۆزۈم ،
بىر ئۆمۈر ئىشقىم ئاتاپ ، پەنگە مۇھەببەت باغلىدىم .
ئىلىم ـ پەن گۆھەرلىرى قىلدى دىلىمنى مەھلىيا ،
شۇ تامان مەنزىلگە يەتمەككە قەدەمنى تاشلىدىم .

دۇچ كېلىپ مۈشكۈلگە مەن سورىسام كىتابتىن مەسلىھەت .
نەچچە دانا ، مۇتەپەككۇر بولدى ھەمدەمدە ماڭا ،
يىغلىسام بەردى سەۋر ، بەرداشنى يار قىلدى شۇئان ،
بەردى ئىلھام شۇ سەۋەب غەيرەتكە كەلگەندە ماڭا .

يوق غېمىم ، « يېگانىمەن ، قانداق قىلارمەن ئەمدى » دەپ ،
پەن ئۆمۈرلۈك ھەمرىيىم ئۇ بىرلە كۆپلەر يار ماڭا .
ئىلمۇ ئىرپان دىلكىشى ھەر جايدا بولسا خار ئەمەس ،
كەلسە ئالدىمغا تۇسالغۇ پەن ـ بىلىم ھەمكار ماڭا .

1981 ـ يىل يانۋار ، يوپۇرغا ، تېرىم

## ياشلىق قىممىتى

« ئاھ . . . ئىسست » دەپ ئاقتى ياشىم نەچچە رەت ،
مەن قىلىپ قاتتىق پۇشايمان ئىلكىدە .
ئۆتۈپتۇ ئوتتۇز باھارىم مەنىسىز ،
قەترە نەپ بەرمەي ئانا يۇرت ئەھلىگە .

تور توقۇش ، كەشتە تىكىشكە قىلىپ ھەۋەس ،
نەچچە ئاقنى بويىدىم رەڭدار قىلىپ .
ئۆي بېزەپ ، كەيدىم كىيىمنى خىلمۇخىل ،
ئۆز ئىچىمدە بۇنى چوڭ ئامەت بىلىپ .

ئۆتتى يىللار تور ئۈزۈلدى ، كەشتىمۇ ،
رەڭگىدىن كەتتى ، يوقالدى زىننىتى .
كەيگىنىم قىممەت باھا رەخ بولسىمۇ ،
بولمىدى قىلچە ھاياتىم قىممىتى .

قارىسام تەڭ ياش ـ دېمەتلىك دوستلىرىم
پەن ـ ئىلىمنى يارۇ جانان ئېتىپتۇ .
دىلغا جاقىپ يېڭى جانان ئىشقىنى ،
داۋان ئاتلاپ مەندىن ئۆزاپ كېتىپتۇ . . .

دوستلار دېدى قىلىپ دەۋەت يۈرۈشكە ،
ئۆكۈنۈشتىن قىلچە پايدا كەلمەيدۇ .

پەنگە ئاشىق بىرساڭ ئەگەر مەڭگۈگە ،
ياشلىق باھار دىل بېغىڭدىن كەتمەيدۇ .

شۇندىن بېرى مەۋەسلىرىم بۆلەكچە ،
ئىلىم ـ پەنگە باغلىدىم دىل رىشتىمنى .
كۆڭۈل بەردىم ، ئۇنى ئاشنا ، يار بىلىپ ،
بېغىشلىدىم چىن ئەقىدە ، ئىشقىمنى .

ۋىدالىشىپ نادانلىقتىن سەپەرگە —
يۈرۈش قىلغان چوڭ قوشۇنغا قېتىلدىم .
دىلدا ئۇرغۇپ قايتا ياشلىق غۇرۇرۇم .
ئىلىمگە چوڭ ئۈمىد بىلەن چېتىلدىم .

ئىلىم ئۈچۈن قىلسام زەررە ئەقىدە ،
ئەل ئالدىدا ئېتىۋارسىز قالمىدى .
ئىلھام بەرگەچ دىلغا مېھنەت لەززىتى ،
بوشاشمىدىم . بۇ ئىرادەم يانمىدى .

نە ئىنسانمەن ھاياتىمدا ۋەتەنگە ،
مەڭگۈ ئۆچمەس كەشتە ، گۈللەر باسمىسام .
ھالال مېھنەت بەدىلىگە ئەل ئادا ،
ئادەمگە خاس قىممىتىمنى تاپمىسام .

1981 ـ يىل ئاپرىل ، يۇپۇرغا ، تېرىم

## دېھقاننىڭ قەدرى

لەززەتلىك تائامغا تەگكەندە ئېغىز ،
ئەي دوستۇم ، قانچىلىك ھۇزۇرلىنىسەن .
نېمەتلەر بەھرىدىن ئۆسۈپ ، يېتىلىپ ،
قاتارغا قېتىلىپ ، كۈچكە تولىسەن .

ئانىلار قولىدا ئالىدۇ تېرىپ ،
چۈشسە گەر بىر تال نان ئۇۋۇتقى يەرگە .
دەيدۇ ھەم : دەسسىسەڭ كۆزۈڭ بولار كور .
كېلىدۇ مىسقال دان تونىنلاپ تەرگە .

دۇر ، گۆھەر ، زىننەتسىز ئۆتەر بىر ئۆمۈر ،
تالايلار ئۆتەر ھەم شۆھرەت ، ئاتاقسىز .
ھەممىگە تاقەتلىك بولسىمۇ ئادەم ،
ياشىيالماس ھېچقاچان ئۈچ ۋاخ تاماقسىز .

ھاياتلىق كىشىگە ئاچمايدۇ جامال ،
ئالتۇن دان بولمىسا ئاڭا كاپالەت .
شۇ ئالتۇن دان ئۈچۈن دېھقان ئاكىمىز ،
تۆكىدۇ تەرىنى قوغلاشماي راھەت .

بىر چاغلار بىھۇدە تۆكۈلۈپ ياش ـ تەر ،
بۇغدايلار ئورنىغا سۇ ئىچكەن ياتاق .

دېھقاننىڭ ھالى پەس ، مايسىلار سېرىق ،
ھېچ كىشى سورىمىغان ئەھۋالىڭ قانداق ؟

بىلىشمەي تەلۋىلەر دېھقان قەدرىنى ،
پو①دا تام سوققاننى ئوخشاتتى زەرگە .
تونۇغاچ نان بەرگەن دېھقاننى سامان ،
نامراتلىق ، مۆھتاجلىق يوپۇشتى ئەلگە .

يەتكەنتۇق دېھقاننىڭ قەدرىگە ئەمدى ،
ئەجرىدىن خامانلار بولدى ئالتۇن تاغ .
رۇسلاندى پۇرلاشقان تاغارلار قەددى ،
ئۆي - ئۆيدە مېھمانلار كۈلۈشتى خۇش چاغ .

دېھقان خۇش ، ھوسۇل مول شۇڭا ھەممە خۇش ،
ئۆتمەكتە ئۆمرىمىز قەنتتىمۇ لەزىز .
شۇ شادلىق ئىچىدە دېھقان ئاكامنى ،
كۆرىمەن قەدىرلەپ ، جاندىنمۇ ئەزىز .

1981 - يىل ئاپرىل ، يوپۇرغا ، تېرىم

---

① پو — قۇرۇق گەپ قىلىش ، پو ئېتىش

## دوستۇمغا

قىلىپسەن نەزمىدە قەلبىڭنى ئىزھار ،
ئەل ئۈچۈن ئىشلەشكە دىلىڭدا شۇئار ،
مەنمۇ ھەم ئەلنى دەپ تىنىمسام تىنىق ،
ئىنسان بوپ دۇنيادىن ئۆتكىنىم بىكار .

ۋەتەندە تۇغۇلدۇم ، تومۇرلىرىمدا
ئۆركەشلەر ياسايدۇ خەلقىمنىڭ قېنى .
بېھىساب قەرزىم بار ئەل - يۇرت ئالدىدا ،
يۈگىنىمۇ قايتۇرۇپ بەرمىدىم تېخى .

نېمە دەپ ياشايدۇ ھاياتتا ئادەم ،
يېسىلا ، كەيسىلا بولامدۇ ھېساب .
يىلتىزسىز قامغاقتەك ئۆتسە ئالەمدىن ،
كىشىلىك ۋىجدانى تارتامدۇ ئازاب .

يۈرىكىم ئۈمىدلىك تۇيغۇلارغا باي ،
يېتىشكە ئاجىزتىم قولۇم بەك قىسقا .
قولۇڭنى ئۇزاتتىڭ جانغا جان ئۇلاپ ،
بىلىمنى باغلىدىم داۋان ئېشىشقا .

قەلەمنى ئات قىلىپ ، ئەقلىمنى قامچا ،
مەرىپەت ئىزدەشتە ئاشساق داۋاندىن .

ئۇمىدىم جاھاننى قالدۇرۇپ ھەيران،
زەپەر كۈي ياڭراتساق تەكلىماكاندىن.

تەر تۆكۈپ ئەل ئۇچۇن ياراتساق گۈلباغ،
خۇش ناۋا بۇلبۇللار سايرىسا خەندان.
ئۇمىدلەر گۈلىنى ئىچىلدۇرۇپتۇ،
ئەۋلادلار كۆكسىگە تاقىساق چەندان.

1981 ـ يىل، يوپۇرغا، تېرىم

# باغۋەن بىلەن مايسىلار

كەلدى باغۋەن باغ ئارىلاپ سۇ باشلاپ ،
يېڭى مايسا ، نوتىلارغا سېلىپ كۆز .
سۇنى كۆرۈپ ياشناپ كەتكەن مايسىلار ،
چاۋاك چېلىپ ئوينىشاتتى تىنىمسىز .

كىرىپ بىرى تىلغا ، دېدى باغۋەنگە ،
بىزنى دەپ سىز كۆپلەپ جاپا چېكىسىز .
چاڭقىغاندا سۇ بېرىسىز قاندۇرۇپ ،
جاپانىمۇ راھەت بىلىپ كۈلىسىز .

كېچە ـ كۈندۈز ئىش ـ ئويىڭىز بىز بىلەن ،
جۇت ـ بوراندىن بىزنى ئاسراپ قالىسىز .
جان بېرىدۇ يىلتىزغا ، غول ، ياپراققا ،
مەرۋايىتتەك ھالال ئاققان تېرىڭىز .

كۆڭلىمىزدە شۇنداق سوئال تۇغۇلدى ،
سورىماقچى باغۋەن ئاكا شۇنى بىز .
ئەجرىڭىز كۆپ ، قەرزدارمىز ھېسابسىز ،
بەدىلىگە نېمە تەلەپ قىلىسىز ؟

دېدى باغۋەن ، — ئەزەلدىنلا ئەلنى دەپ ،
بىز باغۋەنلەر باغنى بەرپا ئېتىمىز .

مېۋىسىدىن ھۇزۇرلانسا خەلقىمىز .
ھالال مېھنەت بەدىلى دەپ بىلىمىز .

شۇنى دېدى باغۋەن كەتتى يول ئېلىپ ،
ياش مايىسلار تويماي ئاڭا تىكتى كۆز .
دېدى بىردەك ، — مېۋە بېرىپ ئەل ئۈچۈن ،
قەرزىمىزنى چوقۇم ئادا قىلىمىز .

1981 ـ يىل ماي ، يوپۇرغا ، تېرىم

# تاپتىم

زارلىنىپ پەلەكنىڭ تەتۈرلۈكىدىن ،
كەپتىمەن نەچچە يىل قۇرۇق غەمنى يەپ .
نېچۈن يات ئىشلارغا سەۋرلىك جاھان ،
تۈزلەر قاچاندا پەلەك چەرخى دەپ .

قارىسام ئەتراپقا كۆزۈمنى ئېچىپ ،
نامەردلەر جاھاننى بۇلغاپتۇ ئەسلى .
سىياقى ئادەمدەك ، لېكىن پەيلى جىن ،
ھەيرانمەن ئەسلىدە نېمىدۇر نەسلى .

قىزىل كۆز رەزىللەر : مېنىڭغۇ مېنىڭ ،
ھەتتاكى سېنىڭمۇ مېنىڭ دەيدىكەن .
كاززاپلىق ، كەمەكلىك قىلىپ ھارغىچە ،
پو ئېتىپ « بۇمۇ كەسىپ ، بىلىم » دەيدىكەن .

ۋاپادىن سۆز ئاچار ئەمەلدە يالغان ،
ئىكەنغۇ ئاغزىنىڭ ئۈچىدا ئىنساب .
كەلگەندە قولاي پەيت ئەسلى ئېچىلىپ ،
يىرتىلىپ كېتەركەن ئۇ ساختا نىقاب .

نەپسى بىر بالاكەن كۆيمىسە ئاغزى ،
يۇتۇشقا تەييار كەن يەتتە دوزاخنى .

ئىشلىتىپ شەيتاندەك نەيرەڭلىرىنى ،
ئالسىلا بولاركەن پايدىنى ، نەپنى .

نامەردلىك ۋەجىدىن بىر تۇخۇم ئۈچۈن ،
قىلىشقا تەييار كەن ئون توخۇ قۇربان .
يوقمىدۇ ئۇنداقلا قەلبىدە ئازراق ،
نومۇس ـ ئار ، دىيانەت ۋە ياكى ۋىجدان .

تەتۈرلۈك سىرىنى پەلەكتىن ئەمەس ،
تاپتىم قۇۋ بەتنىيەت ئادەم ئىچىدىن .
ئادەمنىڭ ئالسى ئىچىدە ئىكەن ،
بىلگىلى بولماسكەن قاراپ تېشىدىن .

١٩٨١ ـ يىل ئىيۇن ، يوپۇرغا ، تېرىم

# ئەمدى

( بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان ئوقۇتقۇچى تىلىدىن )

مانا ئەلدە باھار ، دىلدا پەۋەستۇر شادلىقىم ئەمدى ،
ئاشۇ كەتمەس باھار يەڭلىغ ياشانماس ياشلىقىم ئەمدى .

يۇرىكىدە ئۇلۇغ ئىستەك ، سەپەرگە ئاتلىدى كارۋان ،
ئۇيات ، غەپلەت بۆشۈكىدە بۆلۈنۈپ ياتمىقىم ئەمدى .

بىراق ، ئەپسۇس ، كۆزۈم نۇرسىز ئىدى تەندە مادارىم كەم ،
قىيىن بولغان شۇ توپ ئىچىدە دىدىلرەك چاپمىقىم ئەمدى .

پىشىپ ۋايىغا يەتمەيدۇ مېۋە تۆكمەستە باغۋەن تەر ،
شۇدەم سۇندى شاپائەت قول مۇئەللىم ئاتلىقىم ئەمدى .

بىلىمگە ئاشنا قەلبىم قېتىلدۇرغانىدى سەپكە ،
شۇ يار ۋەسلى تامان باشلار كۆيۈمچان ئامرىقىم ئەمدى .

ئەقلىدىن ئۇ كۆزۈمگە نۇر ، تېنىمگە كۈچ مادار بەردى ،
خىيالدىن ئۆتكۈسى چىنغا داۋانلار ئاشمىقىم ئەمدى .

1981 ـ يىل دېكابىر ، قەشقەر

## بىلىم ئالغىن

ئۆگەن دوستۇم، بىلىم ئالماق بۇ دۇنيادا ئۇلۇغ مېھنەت،
بىلىم ئالماي كېچە ـ كۈندۈز جاپا چەكسەڭمۇ يوق بەركەت.
ئىلىم ـ پەن ـــ نۇر چىراغ دىلغا، ئۇنىڭ پەرۋانىسى بولساڭ،
گۈزەل ئارزۇغا يەتمەككە بېغىشلايدۇ ساڭا غەيرەت.
قورساقتا يوق ئىلىپ، زەر تون ئىچىدە قىممىتىڭ بولماس،
بىلىملىك گەر گادايدۇرسەن، خەلق مەڭگۈ قىلار ھۆرمەت.
بىلىم بەرگەن قانات بىرلە ئۇچۇپ سەييارىگە قونساڭ،
تۇتۇپ گۈلدەستىلەر، ئېيتار جىمى دوستلار ساڭا رەھمەت.
ئىلىم ـ شېرىن، ئاڭا پەرھاد بولۇپ سەن جان پىدا ئەيلە،
ئېشىپ ئۆتسەڭ داۋانلاردىن، لېۋى بىرلە تۇتار شەربەت.

1982 ـ يىل فېۋرال

# خىسلەت

كۆرۈنمەس پەلەكتە ئالقاندەك بۇلۇت ،
زېمىننىڭ ئۈستىدە تونۇرنىڭ تەپتى .
سىرغىيدۇ تېنىمدىن مونچاق ــ مونچاق تەر ،
چېھرىمدە نامايان يالقۇننىڭ ئەپتى .

دەشتلەرنى كەسلىگەن قەدىم يول بىلەن ،
خىياللار ئىلكىدە كېلىمەن يالغۇز .
باغرىم ئوت ، چاڭقىغان لەۋلىرىم چاك ــ چاك ،
شۇ چاغ بىر دىلدارغا چۈشۈپ قالدى كۆز .

تاقەتسىز پاناھداپ باردىم يېنىغا ،
سايىسى ھۇزۇرلۇق ئاشۇ « دىلدار » نىڭ .
بۇ ئىكەن چۆلدىكى قاغا جىگدىسى ،
كۆرۈندى بەئەينى ئۆزىدەك يارنىڭ .

قوزغىدى شۇ ھامان زوقىمنى مېنىڭ ،
جىگدىنىڭ جەلپكار پەزىلەتلىرى .
بۇ كۈمۈش دەرەخنىڭ ئەزىز دىيارغا ،
ئاز ئەمەس كەلتۈرگەن نەپ ــ نېمەتلىرى .

ھىد چاچار خۇش پۇراق ئەنبەر مىسالى ،
چېچەكلەپ باغدىكى گۈللەر بىلەن تەڭ .

ئۈنىڭمۇ ئۆزگىچە كۆركەملىكى بار ،
گۈللەردىن ھۆسنىگە تالاشمايدۇ رەڭ .

باھادىر پالۋاندەك تىك تۇرۇپ قىردا ،
زىرائەت ، باغلارنى ئاسرار بوراندىن .
چېقىلسا غەيرىلەر بىرىدۇ جازا ،
غەزەپلىك ئوقىنى بەتلەپ كاماندىن .

كۈز پەسلى گۈل ـ گىياھ تۆككەندە غازاڭ ،
ئۇ تۇرار جۇۋاندەك ھۆسنىگە تولۇپ .
بوينىغا قىپقىزىل ياقۇت ئۈنچىدەك ،
ھېسابسىز « مەرۋايىت ـ مارجان » لار ئېسىپ .

بەرگىدە بايلىقى ـ كۈمۈش تەڭگىلەر ،
ئۇ سېخىي ساھىبخان مېھمانلىرىغا .
تۆكىدۇ ئالدىغا بارنى ئايىماي ،
مېھمىنى ـ ئوغلاق ـ قوي ، قۇلانلىرىغا .

قىزچاقلار چاپىدۇ يىلىملىرىنى ،
ئارزۇلاپ قۇندۇزدەك سۇمبۇللىرىغا .
چىرايلىق ئۆرۈلگەن تال ـ تال چاچلىرى ،
يارىشار ئۇلارنىڭ گۈل بويلىرىغا .

زىمىستان پەسلىدە ئەلگە ئۇ نەپنى ،
بىرىدۇ ھەتتاكى تېنىنى يېرىپ .
ئۇ چۈشكەن مەشلەردە يالقۇنجايدۇ ئوت ،
كۈلىدۇ بوۋاقلار ئويناپ ـ ئېچىلىپ .

پارقىرار جىگدىنىڭ شەربىتىدە نان ،
نازىنىن قىزچاقنىڭ مەڭزىدەك قىزىل .
داستىخان ئۈستىدە ئۇ شۇڭا سۇلتان ،
جەننەتنىڭ نېمىتى ئۇنىڭدىن خىجىل .

ھە! شۇ تاپ تۇرىمەن سۇسىز چۆل ئارا ،
سايىدا ، سەگىدەپ جىگدە تۈۋىدە
گىياھسىز ، قاغجىراق چۆلدە جىگدىنىڭ ،
ئۆسكۈدەك كۈچ ـ مادار باركەن ئۆزىدە .

تاللىماي ئۆسەر ئۇ شارائىت ـ مۇھىت ،
يۇرتۇمنىڭ چۆل ۋە باغ ئېتىزلىرىدا ،
قۇچاقلار دىيارىم تۇپراقلىرىنى ،
سۆيگۈسى مۇجەسسەم يىلتىزلىرىدا .

سەگىدەپ ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتتىم ،
بۇ ئېسىل خىسلەتنىڭ تەكتىگە يەتتىم .
بولغاچقا ئۇنىڭدا ۋاپا ـ ساداقەت ،
قىلىپتۇ بارىنى ئەل ئۈچۈن تەقدىم .

تۇيغۇلار ئويغاندى مەندە بۆلەكچە ،
ئورناشتى قەلبىمگە ئۇنىڭ خىسلىتى .
قىلسا كىم ئەل ئۈچۈن مىننەتسىز مېھنەت ،
ھەر يەردە ئاشارىكەن قەدىر ـ قىممىتى .

1982 ـ يىل ئاپرېل ، قەشقەر

## بولمسا

بىقەدىر بولغاي ھايات ئارزۇ مۇرادى بولمىسا ،
ياكى پاك دىل قەلبىدىن سۆيگەن نىگارى بولمىسا .

مەن بىزار ئەردىم جاھاندىن ئاشىقى شەيدا بولۇپ ،
بىر نىگارغا كۆنسىبىرى ئىشقىم ئاشارى بولمىسا .

شۇ نىگاردۇر پەن ـ بىلىم ، يوقتۇر ھاياتىم لەززىتى ،
ئۇ يورۇق بەرگەن كۆزۈم روشەن باقارى بولمىسا .

ۋەسلىدۇر ئۇنىڭ جىنىمنىڭ جەننىتى كۆز گۆھىرىم ،
مۇردا بولغاي تەن ئۇنىڭدىن كۈچ مادارى بولمىسا .

قايسى شاھ ـ شاھزادىلەر ئالغاي ئورۇن ئەل قەلبىدىن ،
ئەلگە تۆھپە ئىلمۇ ئىرپاندىن قاتارى بولمىسا .

سايرىماس بۇلبۇل خۇشال گۈل شاخىدا خەندان ئۇرۇپ ،
دىلنى مەپتۇن ئەيلىگەن كۆكلەم باھارى بولمىسا .

تەر تۆكۈپ گۈلباغ بىنا قىلماق نە ھال باغۋەن ئۈچۈن ،
ئەلگە تەقدىم قىلغۇدەك ئالما ـ ئانارى بولمىسا .

مەنمۇ بىر باغۋەن ۋەتەن باغىغا گۈللەر تەرگۈچى ،
ياشنىماس باغ تەرلىرىم گۈلگە ياقارى بولمىسا .

شۇ سەۋەب ئىرپان بىلەن قۇدرەتكە تولماق ئارزۇيۇم ،
نە ھاياتىمەن بۇ تىلەك ئىشقا ئاشارى بولمىسا .

مەن شۇڭا ئالدىم قەلەم قولغا بۈيۈك روھ ، ھېس بىلەن ،
ئەل سۆيەمدۇ ئەلگە ئۆچمەس يادىكارى بولمىسا .

1982 ـ يىل ماي ، قەشقەر

# ئارزۇ

( دىلبەر قەييۇمنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە مۇخەممەس )

قەلەم تۇتقان قولۇمدا ئاڭ ، پىكىر ، زىكرىم بايان بولسا ،
ئىرادەم جۇرئىتىم قۇربى بىلەن مۇشكۇل ئاسان بولسا ،
ئەبەدكە كۈيلىسەم ئەلنى كۈيۈم ياڭراق راۋان بولسا ،
سۆيۈملۈك دوستلىرىمغا چىن يۈرەك قەلبىم ئايان بولسا ،
يۈرەكتىن ئۇرغۇغان مېھرىم تېشىپ ئاقسا قىيان بولسا .

دەۋر ئۆندەيدۇ ھەر دائىم مېنى مەردانە ئۆرلەشكە ،
شىجائەت غەيرىتىم گۈلخان جىمى توسقۇننى ئۆرتەشكە .
كۆزۈم بولسا جاھاننامە دېڭىزدىن دورری ئىزدەشكە ،
تېرىم تۆكسەم ھېرىقماستىن ئىجاد باغىمنى گۈللەشكە ،
ھەسەلدەك مەھسۇلى ئەلگە نېمەتلىك داستىخان بولسا .

كۈمۈش تەردە بۈيۈك ئارمان ئانارى ئۆستۈرۈپ دوستلار ،
جىمى تەشنا يۈرەكلەرنى قىيامغا قاندۇرۇپ دوستلار ،
ھۇزۇرلۇق بەزمىدە كۈندە كۆڭۈلنى كۈلدۈرۈپ دوستلار ،
ئېغىز تەگسە شۇ نېمەتكە رىزالىق بىلدۈرۈپ دوستلار ،
ئىجادقا ئىنتىزار قەلبىم ھەقىقىي شادىمان بولسا .

بولۇپ چىن ئىنتىپاق بىرلىك سېپىنى تۈزسە پالۋانلار ،
بىلىم ئوكيانىدا مەغرۇر غۇلاچلاپ ئۈزسە مەردانلار ،
يۈسۈپ ، مەھمۇد ئۈمىدىنى داۋام ئەتكۈزسە ئوغلانلار ،

ئىلىم ئىشقىدا مەجنۇندەك باياۋان كەزسە يارانلار ،
ئاياغىغا مادار بولسام جاپالىق يول ئاسان بولسا .

ئىجادىتىن زەر كەمەر باغلاپ سەپەرگە بارچە راسلانسا ،
بىرىپ بەلگە يۈرۈشتىن تەڭ مۇقامغا ئۇدمۇ سازلانسا ،
يىراق ئارزۇسىغا ئەلنىڭ مۇھەببەت رىشتى باغلانسا ،
بۈيۈك كارۋان ئىزى بويلاپ ئۇلار مەنزىلگە ئات سالسا ،
ئۈمىدىم شۇ سەپەرلەردە ئىزىز جانى ئامان بولسا .

1982 ـ يىل، ماي

# ۋەتەنگە مۇھەببەت

ئانا ئەل جانىجانىمسەن ، سېنى كۈيلەپ ناۋا ئەيلەي ،
ساڭا بولغان مۇھەببەتنى ھەمىشە دىلغا جا ئەيلەي .
سۈيۈگىنىڭ قەترىسى زەم ـ زەم ، جېنىمغا جان قوشار ھەردەم ،
گىياھىڭنى بىمارغا نەپ ـ شىپا مېھرى گىياھ ئەيلەي .
يىگىت ـ قىزلار كۆزى چولپان يۈزى رەڭدار ئانا يەڭلىغ .
ئۈنىڭ ئىشقىغا مەن ھەقدا ، يۈرەكنى چوغ ـ لاۋا ئەيلەي .
يۈسۈپ ، مەھمۇد ، ئامانىلار ئۆمۈرلۈك ئىشقىنى باغلاپ ،
قېتىپ ئۆتتى سېنى كۈيگە ، ئۈلارنى رەھنىما ئەيلەي .
بېغىڭدا خۇش ناۋا بۇلبۇللىرىڭ خەندان قىلار دائىم ،
بولۇپ جۆر كۈي قېتىپ زىكرى ئېتىپ مەنمۇ ساما ئەيلەي .
سېنىڭدە ھەر كۈنۈم ئۆتەر راھەت ـ پاراغەتتە ،
سېنى چىن رازى ئەيلەشكە شەرەپ ـ شاندىن بىنا ئەيلەي .
ساڭا تەرىمنى تۆكمەكتىن بۈيۈك ئىش يوق بۇ ئالەمدە ،
ئەگەر تاغنى كۆتەرگىن ـ دە ، كېچىكتۈرمەي بەجا ئەيلەي ،
تېنىمدە مەنبىئى كۈچىنىڭ ساڭا بولغان ساداقەتتۇر ،
ساداقەتسىز ھاياتىمنى ، جېنىمنى ئەلۋىدا ئەيلەي .

1982 ـ يىل سېنتەبىر

# قاينام ئۆركىشى ھەققىدە مۇخەممەس

ئەي لوتۇن پەرۋاز قىلىپ ئۇچقان تىيانشان بۈركۈتى ،
جانىجان ئەلنىڭ ئۇلۇغ ئوغلى ، بۈيۈك شان ـ شۆھرىتى ،
كەلگۈسى مەنزىل تامان يۈرگەن قوشۇننىڭ سەركىسى ،
گۈل ۋەتەن ـ ئەل ئاشىقى ، بۇلبۇلگويا سى ـ كۈيچىسى ،
سەن ھايات ، مەڭگۈ ھايات دىللاردا قاينام ئۆركىشى .

سەن ئۇچۇن زەردىن ئېسىل ئەردى دىيارنىڭ قىر ـ تېشى ،
سەن ئىدىڭ پىكرىڭدە ھەم زىكرىڭدە ئەلنىڭ سىردىشى ،
تولغۇناتتىڭ ئاھ چېكىپ ، ئاقسا يېتىمنىڭ كۆز يېشى ،
سەن ئىدىڭ مەزلۇم ، پېقىر ، بىچارىلەرنىڭ دىلكىشى ،
ئەل بىلەن ھەمدەرد ئېغىر يىللاردا قاينام ئۆركىشى .

سەن ئىدىڭ ئەل ئىشقىدا قاينام ، بۇلاقتەك ئۇقچىغان ،
ئەل ئۇچۇن كۆكرەك كېرىپ تاغۇ داۋانلار ھالقىغان ،
ھەر نەپەس مەلئۇننى پەس ئەيلەپ ، سىنەسىن داغلىغان ،
جازىبىدار چولپان كەبى ئەرك ئاسمىنىدا پارلىغان ،
رەھنىما باسقان سەپەر يوللاردا قاينام ئۆركىشى .

ياش گۈلۈڭنى كەستى مەلئۇننىڭ ستەمكار جادۇسى ،
ئاھ ، دېدى ياش تۆكتى كۆك ، ماتەمدە تارىم ۋادىسى ،
بارچە دىلنى سالدى ھەسرەتكە زېمىننىڭ نالىسى ،
ھەسرىتا كەتتىڭ ئەجەب ئەلنىڭ پىداكار بالىسى ،
ۋە لېكىن روھىڭ ھايات دىللاردا قاينام ئۆركىشى .

گۈلباھار پەسلى ئېسىل ئەدىيانىنى دىلىغا پۈكۈپ ،
كەڭ كۆڭۈل دەريالىرىڭدىن ئۈنچىدەك مىسرا تۈزۈپ ،
جەڭ - كۈرەش ! - دەپ ھەر چېلىش ئوكيانىدا مەغرۇر ئۈزۈپ ،
قەلىمىڭدە قاپقارا تۈن باغرىغا خەنجەر ئۇرۇپ ،
سەن كۆتۈرگەن تۇغ شۇ چاغ قوللاردا قاينام ئۆركىشى .

گۈل چېچەك ئاچتى بۇگۈن ئارمان بېغىڭنىڭ غۇنچىسى ،
بولدى نەزمەڭ قىز - يىگىتلەر دەستۇرى ، زەر ئۈنچىسى ،
لالىرەڭ ئۇشبۇ گۈلۈڭنىڭ ئاشىقى بىز گۈلچىسى ،
ئارزۇيۇڭ ھەغداسى بىز ، مەڭگۈ ۋەتەننىڭ كۈيچىسى ،
ئىش ئىزىڭ داستان شۇڭا تىللاردا قاينام ئۆركىشى .

1982 - يىل دېكابىر

# كەلسەڭ

كېلىپ مېھمان بولۇپ كەتكىن ساڭا مەن ئىنتىزار ، كەلسەڭ ،
ئېلىگە جان كۆيەر خاڭچى نىگارىم غەمگۇزار ، كەلسەڭ .

نېمە تەشۋىش مۇشۇ تۇرقۇم بىلەن بارسام قارارمۇ دەپ ،
قولۇڭنىڭ قارىسى چاغلىق ، دىلى ئاق بىغۇبار ، كەلسەڭ .

خىيال سۇرمە پەقەت : گۈلشەن ئىشىمدىن يىرگىنەرمۇ ؟ ـ دەپ
ئىشىڭ تارتقاچقا مەيلىمنى كۈتەرمەن بىقارار كەلسەڭ .

قارا ئالتۇن ئېلىپ كاندىن ، پىلاندىن ئاشۇرۇپ ، قاتلاپ ،
ئېرىشكەن شۆھرىتىڭ بۇندا قازاندى ئېتىبار ، كەلسەڭ .

زىمىستانىنى سۈرۈپ ھەر ئۆي ئىچىدە ھۆكۈمراندۇر ياز ،
بوۋاق ، ياش ـ قېرى مەڭزىدىن كۆرەرسەن لەيلىزار كەلسەڭ .

سېغىنغانمەن ھۇزۇرلانغان چېغىمدا مەشتىكى ئوتتىن ،
سېغىندى دوستۇيارانلار ئەجەبمۇ دىلخۇمار ، كەلسەڭ .

قارا ئالتۇن ئۇچۇن تۆگكەن تەرىڭ ، ئەجرىڭ باھاسىزدۇر ،
شۇڭا دىل تۆرىدە چېھرىڭ نۇرانە گۈلئۇزار ، كەلسەڭ .

1982 ـ يىل دېكابىر ، قەشقەر

# بەختىم

ئۆزۈڭدىن ئىنتىزار ئەتكەن مۇقەددەس بۇ زىيارەتنى ،
مانا باشلاپ دىلىم سەزدى ئۇلۇغ ئاتەش هارارەتنى .

ۋەتەن ـ ئەل مىللىتىم پەخرى « ئىلىمگە هۆددىگەر ئۇستاز » ـ
بوۋام مەهمۇد ئېلىپ كەتتى قاناتلانغان خىيالەتنى . . .

ئۇ باغلاپ ئىجتىهات ئالتۇن كەمەر بەلۋاغنى چىڭ بەلگە ،
ۋۇجۇدىدا مۇجەسسەم ئەيلىدى ئىدراك ماتانەتنى .

تالانت ، غەيرەت ، تىرىشچانلىق ، خەلققە جان پىداكارلىق ،
هېسابسىز ئەجرى پۈتتۈردى « دىۋان » دەك زور كىتابەتنى .

« دىۋان » نىڭ هەر سۆزىدىن نۇرلىنار تالىپ ئىلىم قەلبى ،
ئۆگەتتى ئۇ بىلىمگە ئىشتىياقلىقنى ، ساداقەتنى .

گويا « نورۇز بۇلاق » ئوخشاش بۇلۇقلاپ توختىماي تەشنا ـ
تۇمەن دىللارغا سىڭدۈردى ئىلىم ـ ئىرپان ، دىيانەتنى .

ئىلىمنىڭ نام ـ نىشانىنى « دىۋان » تارقاتتى هەر يانغا ،
جاهاندا قىلمىغان مەهمۇد كەبى هېچكىم هىدايەتنى .

بوۋام مەهمۇدنى ئۆستۈرگەن ئانا ئەل جانىجان خەلقىم ،
شۇ ۋەجدىن تاپتى دۇنيادا بۈيۈك شۆهرەت ـ ئىناۋەتنى .

بۈگۈن مەن ئېھتىرام بىرلە قەبرىڭنىڭ ئالدىدا ئىشتىتىم ،
ئەزىم ئەجدادىمىز تەۋسىپىنى ، شانلىق ھېكايەتنى .

بوۋام تارىخىدۇر پاكىت ئىلىمدە گۈللىگەنلىكىنىڭ ،
قىلاي مات « يالجىماس مىللەت » دىگەن پىتنە ـ ھاقارەتنى .

ئاگا قانداشلىقىم بەختىم ، ئىزىڭ باسماقلىقىم ئەھدىم ،
تەلەپ ئەتمەس دىلىم ئاندىن ئۇشۇق بەختۇ سائادەتنى .

1983 ـ يىل ئاپرېل ، ئوپال

# كۆرسەم

ئىش بىلەن ئۆتكەنتىم بىر ئۆي يېنىدىن ،
ئالدىمغا بىر پىستە① ئېتىلدى قاۋاپ .
كۆزلىرى باقىدۇ ئىگىسى تامان ،
ئۆزگەرتەر ئۈنىنى چىرايىغا قاراپ .

سورىدى بىر دوستۇم : نېمە بولدۇڭ ، — دەپ ،
ئىتنىڭ بۇ ھالىغا ئېلىقىپ كۈلسەم .
مەن دېدىم ، — ئىگىسى بولمىغان چاغدا
بىگىسى شۇ ئىتنىڭ قانچىلىك كۆرسەم .

1983 – يىل ئىيۇن

① پىستە — پاكار بويلۇق ، ئىتلار تائىپىسى .

## خەتنىڭ سىرى

قولۇمدىكى كونۋېرتنى كۆرۈپ ،
سوراپ قالدىڭ ھەزىللىك سوئال .
— يازغىنىڭىز ئەرزمۇ ۋە ياكى . . . ،
ئېيتىڭ دوستۇم بۇ قانداق ئەھۋال ؟

— يالغان ئەمەس بىر چاغلار ئىسمىم ،
« ئازاد » ئەمەس « ئەرزچى » بولغىنى .
شۇ ئەرزلىرىم يېنىپ ئۆزۈمگە ،
كۈلپەتلەرگە ئەلچى بولغىنى .

دادام ئىدى ئۇ چاغدا« بۇزۇق »
ئۆزىچىلا بەتنامغا قالغان .
بىر كەلىمە ھەق سۆزى ئۈچۈن ،
« بۇزۇق ئۇنسۇر » نامىنى ئالغان .

كەيسە دادام قالپاقنى يالغۇز ،
ھەممىزگە چۈشكەن « سايىسى ».
شۇ ھالدا ئەرز يازماقتىن بۆلەك ،
بىزدەكلەرنىڭ نېمە چارىسى ؟!

مانا بۇگۈن ئۆزگەردى جاھان ،
ھەق ۋە ناھەق ئايرىلدى ئېنىق .

بۇ يېڭىلىق شاراپىتىدىن
خۇشاللىققا دىللار تولدى لىق .

تاغار ــ تاغار ئاشلىق ئۆيۈمدە ،
قوي ــ كالىلار پاتماس ئېغىلغا .
بۇ ئامەتنى كۆرسەتكىم كەلدى ،
ئۇرۇق ــ تۇغقان يىراق ــ يېقىنغا .

ئەمدى بەرسەم سوئالغا ــ جاۋاب .
ئەرز ئەمەس سالامنامە بۇ ،
دەۋرىمىزنىڭ خاسىيىتىنى ،
مەدھىيىلىگەن كالامنابۇ .

يىراقتىكى تۇغقانلار بىلەن ،
تاپقاننى تەڭ يېگۈم كېلىدۇ .
شادلىقىمنى ، خۇشاللىقىمنى ،
بىرنى قويماي دېگۈم كېلىدۇ .

شۇڭا ، يازدىم سالامنامىنى ،
« پات ئارىدا كېپكېتىڭلار » ، ــــ دەپ .
« يۇرتۇمدىن ئۆزگىرىشلەردىن ،
يېڭى ئىلھام ئېپكېتىڭلار » دەپ .

1984 ــ يىل فېۋرال ، يوپۇرغا ، تېرىم

# چىم بىلەن قامغاق

( مەسەل )

چىم ۋە قامغاق بىر دالىدا ئۈنۈپتۇ ،
ئاي ، پەسىللەر ئۆتۈپتۇ چوڭ بولۇپتۇ .
قامغاق بىر كۈن مەسخىرىلىك كۈلۈپتۇ .
ــ ھەي پەتەكۋاي ، ــ دەپتۇ چىمنى نوقۇپتۇ .

ــ ھالىڭغا ۋاي قارا سېنىڭ بويۇڭغا ،
ۋىجىكلىكىڭ كەلمەمدۇ ھېچ ئويۇڭغا .
ئەركىلىتەر ئۆتسە سالقىن يېنىمدىن ،
خەقلەر سېنى دەسسەپ ئۆتەر بېلىڭدىن . . .

چىم ئېيتىپتۇ : كۆرەڭلىمە ئۆزۈڭچە ،
مەن ئەرزىمەس نەرسىمىشمەن سۆزۈڭچە .
قايسىمىز خار ياكى ئېزىز كۆرەرمىز ،
شۇ چاغ ئاندىن قەدرىمىزنى بىلەرمىز . »

ئۇزاق ئۆتمەي بىر توپ كىشى بۇ يەردىن ،
يۆتكەپتۇ چىم قەدىرلىك دەپ گۆھەردىن .
شادلىنىپتۇ چىم ئۆستەڭنىڭ بويىدا ،
يىلتىزلىرى ياشناپ تۇپراق قويىندا .

بىر چاغ بوران كەڭ دالىنى كېزىپتۇ ،

قامغاق توپى بىر ۋەقەمە سىزىپتۇ .
ھايال ئۆتمەي بىر ـ بىر موللاق ئېتىپتۇ ،
دۇملاپتۇ ، سۇ بويىغا يېتىپتۇ .

قىردا تۇرغان چىمەنى كۆرۈپ شۇئاندا ،
دەپتۇ قامغاق ئاران كېلىپ زۇۋانغا :
« دوستۇم مېنى قۇتقۇزساڭچۇ بۇ ھالدىن »
چىم ئېيتىپتۇ ئىمكانىم يوق ئامالدىن ،

كىم سۆيمىسە ئۆزۈق بەرگەن تۇپراقنى ،
كۆزلىمىسە بۇگۈننى ھەم يىراقنى .
ساڭا ئوخشاش پۇشايمانغا قالىدۇ ،
ھەسرەت ئۇنى ئۆز قوينىغا ئالىدۇ .

1984 ـ يىل ماي ، تېرىم

## بىلدىم ئەسلى . .

گۈلگە ئاشىق خېرىدار ، گۈلخۇمارنىڭ بىرىمەن ،
لەززەتلىنىپ ھىدىدىن خىياللارنى سۈرىمەن .

ئەجەبكى ھە! بىر گىياھ شۇنچە ئۇز ھەم خۇش پۇراق ،
ئاشۇ خۇشبۇي ، ئۇزلۇقنى كىم بەرگەندۇ ۋە قانداق ؟!

خىياللىرىم تۈگىمەي ، گۈلدىن رىشتىم ئۈزۈلمەي ،
گۈل پۇراشقا بېغىڭغا كەلسەم قالدىڭ كۆرۈنمەي .

سورىسام سىنى ئاۋامدىن شەرەپ گۈلى قىسىپسەن ،
« ماھىر باغۋەن » ئاتىلىپ چوڭ يىغىنغا كېتىپسەن .

مەنمۇ باردىم يىغىنغا ئاڭلىدىم ئىش – ئىزىڭنى ،
گۈلگە ئاتاپ بارىڭنى سىڭدۈرۈپسەن تېرىڭنى .

ئالقىش سادا ئىچىدە ، مېدال تاقىغان چېغىڭدا ،
ھاياجانلىق ھېسلىرىم ئۆركەشلىدى قېنىمدا .

سۈرمەك بولۇپ كۆزۈمگە گۈل ئۆستۈرگەن قولۇڭنى ،
چۈشكىنىڭدە سەھنىدىن توسۇۋالدىم يولۇڭنى .

چېھرىڭ گويا نۇر ، ئاپتاپ ، گۈل پۇرايدۇ تېنىڭدىن ،
بىلدىم ئەسلى گۈللەرنى سۇغۇرۇپسەن قېنىڭدىن .

1984 – يىل ئاۋغۇست ، يوپۇرغا

## شائىرلىقنىڭ ھەسرىتى

خىياللارنى قۇرلار ئارا يازغۇم كەلدى ،
ئىشق كائىندىن دۇردانىلا قازغىم كەلدى .
ھىسسىياتلار ئۈنچىسىدىن تىزىپ مارجان ،
يار بوينىغا ئاسماق ئۈچۈن بارغىم كەلدى .

نە ئامالىم ، قەلەم چولتا يازالمايمەن ،
قۇدرىتىم كەم ، دۇردانىلار قازالمايمەن .
ئۈنچىلەرنى تىزساممۇ گەر قاتار ـ قاتار ،
ھالىم يەتمەس ئۆز جايىغا ئاسالمايمەن .

1984 ـ يىل سىنتەبىر ، يوپۇرغا ، تىرىم

## ئەقىدە

ئانجان يۇرتۇم ـ دىيارىم يارۇ جانانىم مېنىڭ ،
ئاق كۆڭۈل خەلقىم غۇبارسىز ماھى تابانىم مېنىڭ .
مەن تۇغۇلدۇم ئاشۇ يۇرتتا بۇ جاھانغا كۆز ئېچىپ ،
سۆيدى قانماستىن ئانا يەر ، مېھرى گۈلخانىم مېنىڭ .
بەھرى ئالدىم ساپ ھاۋا ، سۇ ، نېممىتى ، ئاش ، نانىدىن ،
كۈنسېرى ئۇلغايدى تەندە ئەقلۇ دەرمانىم مېنىڭ .
كەل ، دېدى ئاچتى قويۇن ماڭا ئىلىم ـ پەن باغچىسى .
تەر تۆكۈپ پەرۋىش بىلەن ئەي قىلدى باغۋەنىم مېنىڭ .
ئوقچىغاندا ئانا يۇرتنىڭ سۆيگۈسىدىن قانلىرىم ،
بولدى دىلدا ئۈنى گۈللەش ئەھدۇ پەيمانىم مېنىڭ .
زور ئۈمىد ـ ئاززۇ بىلەن ماڭدىم ئوقۇشقا شاد ـ خۇرام .
« كۈنسېرى ئۆرلە » دېدى خەلقىم ـ ۋاپادارىم مېنىڭ .

پۈتتۈرۈپ مەكتەپنى كەلدىم بۇ ئانا يۇرت قوينىغا ،
ئېتىلىپ تۇرغاچ يۇرەكتە سۆيگۈ فونتانىم مېنىڭ .
قىلدى ھۆرمەت ئەھلى يۇرتۇم ، بەردى مۇنبەردىن ئورۇن ،
ۋەسلىگە بولدۇم مۇيەسسەر يايرىدى جانىم مېنىڭ .
بەزىلەر ئېيتتى : « شەھەرگە باپ ئىدى بوي ـ بەستىڭىز ،
خار بولارمۇ توپىدا . . . » دەپ قايتۇرۇپ رايىم مېنىڭ .
مەن دېدىم : يۇرت خەلقى بولغاچ ئۆستى قەدرى ـ قىممىتىم ،
ماڭا تەشنا بۇ يېزام ، جەڭلەردە مەيدانىم مېنىڭ .

پاك سەبى دىللارنى ئىرپان ئوتىدا نۇرلاندۇرۇپ ،
جانغا جان قوشسام يەنە، كۆلمەمدۇ دېھقانىم مېنىڭ .

1984 ـ يىل ئۆكتەبىر ، يوپۇرغا ، تېرىم

## مەيداندا

بەلنى باغلاپ مەيدان ئىچرە كىردى سادىر يەك تۆرۆپ ،
دوست ـ بۇرادەرلەر ھەزىلگە چۇشتى سادىرنى كۆرۆپ :

ـــ ئەي ئاغىنە ، كەلمە بوش ، غەيرەتكە غەيرەت قوش يەنە ،
بۇ چېلىش مەيداندىن بۇدەممۇ ھەم چىققىن ئۇزۇپ .

سەن چېلىشتا داڭ ئېلىپ ، قەلبىگە چوغ ـ يالقۇن سېلىپ ،
گۇلجامالنىڭ كۆڭلىنى ئالغانىدىڭ ئوۋلاپ ـ ئۇتۇپ ،

بەل قويۇپ بەرسەڭ بۇ رەت كۆڭلۇڭ بېغىن ئاق قالدۇرۇپ ،
گۇلجامال كەتسە ئۇچۇپ سەن يۈرمىگىن ھەسرەت چېكىپ .

ـــ غەم يېمەڭلار ، ـــ دېدى سادىر ئەل ئۈچۈن ، جانان ئۈچۈن ،
پەم ، جاسارەت ، كۈچ بىلەن كىردىم چېلىشقا يەك تۆرۆپ .

دىلدا بار بىرلا ئەمەس ، مىليون يۈرەكنىڭ يالقۇنى ،
ۋۇجۇدۇمدا ئەل قېنى ئۇرغۇيدۇ ھەم جۇشقۇنلىنىپ .

كۆرگۈلۈك مەيداندا مەردنى ، ـــ دەيدۇ ئاقىل كونىلار ،
قېنى ، قالغاننى كۆرۈڭلار مۇندا نەق ھەقدا بولۇپ .

پەھلىۋانلار كىرسە سۈر ، ھەيۋەت بىلەن مەيدان ئارا ،
يىقىتاتتى ئۇنى سادىر بەستىدىن كۈچ ياغدۇرۇپ .

قاپلىدى مەيدانىنى بىر دىنلا ىقاس ، ئالقىش سادا ،
بەش كىشىنى يەرگە ئاتقاندا بىلىدىن كۆتۈرۈپ .

— ئەزىمەت ئوغلۇم ، — دېدى قادىر بوۋاي بەلۋاغ تۇتۇپ ،
ئوغلىنىڭ بىلىنى چىڭ باغلاپ ، پېشىنى قىستۇرۇپ .

كەلدى ئالدىغا مۇھەببەت جامى تۇتقان ئايجامال ،
سۆيگۈ - مېھرى شەربىتىنى جامىغا لىق تولدۇرۇپ .

قىرى - چاللار ئىپتىخارلىق ئىلكىدە باقسا ئاكا ،
شوخ جۇۋانلار كۈلىشەتتى زوق بىلەن قەھ - قەھ ئۇرۇپ .

دەستە گۈللەر تۇتسا قىزلار ، يىگىتلەر كۆككە ئېتىپ ،
« ئاپىرىن » دەر دوپپىغا « توڭگۇز قۇلاق » ①نى قىستۇرۇپ .

قاندى تەشنالىققا سادىرنىڭ يۈرەك قەلبى - دىلى ،
يىڭى كۈچ - غەيرەت بىلەن كەتتى چېلىشتا ئۇ يۈرۈپ .

1985 - يىل ماي ، تېرىم

① توڭگۇز قۇلاق — ئون يۇمىلاق پۇلنىڭ ئوخشىتىپ ئاتىلىشى بولۇپ بۇ يەردە چېلىشتا ئۇتۇپ چىققان كىشىنىڭ چېكىسىگە پۇل قىستۇرۇپ مۇبارەكلەيدىغان ئادەت بار .

## سۇرەتكە قاراپ

قولۇمدا سىنىڭدىن كەلگەن شۇ سۇرەت ،
باقىمەن قانماستىن ھۆسنۈڭگە ھەر رەت .
مارجاندەك خىتىڭگە بولىمەن بەندە ،
سۆيگۈڭدىن ھاياتىم تاپىدۇ قۇدرەت ،
باقىمەن قانماستىن ھۆسنۈڭگە ھەر رەت .

كۆزۈڭگە تىكىلىپ قارىسام قۇرداش ،
« ئاھ ! » دېمەي تۇرۇشقا بولمىدى چىداش .
ھەيرانمەن جۇدالىق ستەملىرىگە ،
بۇ زەئىپ ۋۇجۇدۇم بەرگەنگە بەرداش ،
« ئاھ ! » دېمەي تۇرۇشقا بولمىدى چىداش .

ئاھ ، يۇمران ئېڭەكلەر ، ئاناردەك يۈزلەر ،
جان ئەسىر قىلغۇچى جادۇگەر كۆزلەر .
بولغاندۇر قاچاندا كىملەرگە نېسىپ ،
ھايات بەخش ئەتكۈچى يېقىملىق سۆزلەر ،
جان ئەسىر قىلغۇچى جادۇگەر كۆزلەر . . .

ئارزۇلار چاتقاندا بىر جۈپ يۈرەكنى ،
پۇل ۋە مال بەند قىلدى ئوتلۇق تىلەكنى .
سەپەرگە راسلاندىك قىلماققا ئوقەت ،
پۇتكۈزۈش كويىدا تويلۇق كۆرەكنى ،
پۇل ۋە مال بەند قىلدى ئوتلۇق تىلەكنى .

ئايرىلغان چاغ ئىدى ئەتراپ تۇمانلىق ،
چېچىڭنى سىلىغان تىلەپ ئامانلىق .
ئالمىدەك مەڭزىڭگە يېقىپ لېۋىمنى ،
ئىشىڭغا بىرەر دەپ ئاللا ئاسانلىق ،
چاچلىرىڭ سىلىغان تىلەپ ئامانلىق .

سۈرىتىڭ ئالدىمدا ، كۆردۈم باشقا ھال ،
شۇ ئۇماق يۈزلەرنى بېسىپتۇ ساقال .
پېشانەڭ ، چېكەڭگە ساپتۇ قورۇقلار ،
ھىجرانلىق تۈندىكى ھەر دوقمۇش ، دوقال ،
شۇ ئۇماق يۈزلەرنى بېسىپتۇ ساقال .

ۋە لېكىن ئۆچمەپتۇ كۆزلىرىڭ نۇرى ،
نامايان ئۇنىڭدا يۈرىكىڭ سىرى ،
پۈتۈلگەن ئۇنىڭغا ساداقەت ، ۋاپا ،
ئۇ مىسلى باھاسىز تارىخ دەپتىرى ،
نامايان ئۇنىڭدا يۈرىكىڭ سىرى .

سۈرەتتىن ئەھۋالىم بىلسۇن دېدىڭمۇ ؟
يا ، پىراق كۆكسىنى تىلسۇن دېدىڭمۇ ؟
يا ، مېنىڭ ساداقەت مىزانىم بىلەن ،
ئۆزىنى بىر ئۆلچەپ كۆرسۇن دېدىڭمۇ ؟
يا ، پىراق كۆكسىنى تىلسۇن دېدىڭمۇ ؟

ئۇنتۇلۇپ كەتكەندۇر دېدىڭمۇ مېنى ،
بىلەمسەن ھەر دەقىق ئەسلەيتتىم سېنى .
سۇغۇرۇپ تۇراتتى جۇپ چەشمە سېلى ،

دەسلەپكى مۇھەببەت يىلتىزلىرىنى ،
بىلەمسەن ھەر دەقىق ئەسلەيتتىم سېنى .

باغلاردىن ئىزدەيتتىم باسقان ئىزىڭنى ،
گۇللەرنى پۇرايتتىم ئەسلەپ ھىدىڭنى ،
بۇلبۇللار كۈيىدىن ناخشاڭنى ئاڭلاپ ،
كۆرەتتىم چىناردىن قامەت ـ بويۇڭنى ،
گۇللەرنى پۇرايتتىم ئەسلەپ ھىدىڭنى .

ھەسرەتتە قارايتتىم دەريا سۈيىگە ،
ئۇ شاھىد ۋىسال ھەم ھىجران كۈيىگە ،
دەريانىڭ بويىدا ھېلىقى سۆگەت ،
باراتتىم مۇڭ تۆكۈپ ، ئۇنىڭ تۈۋىگە ،
ئۇ شاھىد ۋىسال ھەم ھىجران كۈيىگە .

شۇ دەريا بويىدا بولۇشتۇق جۇدا ،
كۆزلەردىن ياش تۆكۈپ قىلىشتۇق نىدا :
ۋەدىمىز « ھەرگىزمۇ ئۇنتۇلۇشمايلى ،
جاننى تەن تونىدىن ئالغۇچە خۇدا ،
كۆزلەردىن ياش تۆكۈپ قىلىشتۇق نىدا . . .

ئاھ ، شۇنچە رەھىمسىز بۇ چەرخى پەلەك ،
بولمىدى دىلدىكى ئارمانغا يۆلەك ،
جىسمىمغا جان بەرگەن ئاتا ھەم ئانام
ئەپسۇسكى ، ئىشقىمنى قىلدى بى كېرەك ،
بولمىدى دىلدىكى ئارمانغا يۆلەك .

قوشۇلدۇم بىرىگە زورلىنىش بىلەن ،
ئايرىلدىم كۆپ ئۆتمەي خورلىنىش بىلەن .
ئۆتەركەن كۈن دېگەن گاھى شاد كۈلۈپ ،
گاھى گۈل ۋاقىتسىز پۇرلىنىش بىلەن ،
ئايرىلدىم كۆپ ئۆتمەي خورلىنىش بىلەن .

ئاڭلاپ بۇ قىسمەتنى پەريادلار چېكىپ ،
رەنجىپسەن جاھاندىن ، ھەممىدىن كېچىپ ،
يۇرت دېگەن ، يار دېگەن شۇنداق بولسا بەس ،
بارمايمەن ھەرگىز ، — دەپ قەسەملەر ئىچىپ ،
رەنجىپسەن جاھاندىن ھەممىدىن كېچىپ .

مەن ھامان ساندىم قەلبىمنى سېنىڭ ،
ئاخىرى كۆڭلۈمنى چۈشەندىڭ مېنىڭ ،
سەن تەنها ، مەنمۇ ھەم ياشىدۇق ئۇزاق ،
يېتىشتۇق تەكتىگە قەلب سىرىنىڭ ،
ئاخىرى كۆڭلۈمنى چۈشەندىڭ مېنىڭ .

ئاھ قۇرداش ، قەدىناس يۈرۈيسەن نەدە ،
چىقماپتۇ ئېسىڭدىن باشتىكى ۋەدە ،
بىر يىگىت ئۆمرىغۇ يىگىرمە ئۈچ يىل ،
سۇنماپتۇ شۇنچە يىل ۋىجدان ، ئەقىدە ،
چىقماپتۇ ئېسىڭدىن باشتىكى ۋەدە .

شۇ سەۋەب تۇرساڭمۇ قانچە يىراقتا ،
چېكىپسەن ئازابلار دەردى پىراقتا ،
ئەقىدە ھەرپىدىن پۈتكۈزۈپ مەكتۇپ ،

يوللاپسەن سۈرەتكە قوشۇپ بۇ ياققا ،
چېكىپسەن ئازابلار دەردۇ پىراقتا .

تۇرساقمۇ ئىككىمىز يىراق ـ يىراقتا ،
تەلپۈنەر يۈرەكلەر دەردۇ پىراقتا .

1986 ـ يىل مارت ، قەشقەر

## قىممەتلىك ئىزلار

ـــ كەپتۇ ، ـــ دەپ ئاتلاپلا ئىزدەپ ساۋاقداش ،
ئىزىڭىز بويلۇدۇم كۆزلىرىمدە ياش .
قالمىدى مەن ماراپ باقمىغان ئاراش ،
كىرىشكە جۈرئەتسىز قىلغاچقا ئاياش ،
ئىزىڭىز بويلۇدۇم كۆزلىرىمدە ياش .

كىرمىدىم ھېچكىممۇ توسمىغان ئىشىك ،
ۋە ياكى كەتمىدىم يۇردۇم لاغايلاپ .
ھايا بار ئېقىندا يوق ئىكەن كېچىك ،
شۇڭلاشقا ئىش تۇتماق بولدۇم ئاۋايلاپ ،
ۋە ياكى كەتمىدىم ، يۇردۇم لاغايلاپ .

ئاھ ! ئاخىر كۆرۈشتۇق ، « كۆرۈشكەن بىزمۇ ؟!»
ئىشەنمەي كۆزلەرگە قويۇشتۇق سوراق .
باشقىچە سىياقتا مەنمۇ ھەم سىزمۇ ،
بىراق دىل تونۇدى ، قاراشتۇق ئۇزاق ،
ئىشەنمەي كۆزلەرگە قويۇشتۇق سوراق .

بىلىنەر ئايرىلغان ۋاقىت مىڭ يىلچە ،
ياتلاشماي تۇرۇپتۇ خۇيىمىز ھېچبىر .
كۆپ يىللىق كەچمىشنى دېيىشتۇق شۇنچە ،
سۆزلەندى ھېچكىمگە سۆزلەنمىگەن سىر ،
ياتلاشماي تۇرۇپتۇ خۇيىمىز ھېچبىر .

ھەر قەدەم ئىزىڭىز مىسلى مۇئەتتەر ،
قەدىم يۇرت ئۈستىدە قالدى ساۋاقداش .
ئەسلىنەر ئۇنىڭدىن ھاياتلىق سەپەر —
يولىدا بىز كۆرگەن كۈلكە ھەمدە ياش ،
قەدىم يۇرت ئۈستىدە قالدى ساۋاقداش .

1986 ـ يىل مارت ، قەشقەر

## كۆزنىڭ گۇناھى

ئەھدە قىلدىم رەنجىپ سېنىڭدىن ،
سۆزلەشمەيمەن ، قارىماسمەن دەپ .
ئۇچراشسامۇ قانچە دوقالدا ،
ماي تاتقانچە كەتتىم قىلماي گەپ .

جىم ئۆتتى تىل ئەمما كۆپ ئۆتمەي ،
بەڭۋاشلىقى تۇتتى كۆزۈمنىڭ .
ئوت كۆزۈڭگە باقتى بىردىنلا ،
يېلى چىقتى ئەھدىلىرىمنىڭ .

1986 ـ يىل ئاپرېل ، قەشقەر

# جاپا چەكسەم

« كۆيۈنۈپ » تۇ ماڭا بەزىلەر ،
« ئەجەب جاپا چېكىپ كەتتى » ، — دەپ .
— ئىزدىنىشنى كىم قويدى ئاڭا ،
جان باقسىچۇ تەييار ناننى يەپ .

— بىزمۇ ئايال ئىشىمىز ئاسان ،
تويدا ، تۆردە كۈنلەر ئۆتىدۇ .
دەيدۇ ، — چەكمەي ئۇنچىلا جاپا ،
مائاشىمىز ئۇبدان يېتىدۇ .

سۆزلەر تولا ئېلىشقۇدەك باش ،
ھېچبىرىگە سالمىدىم قۇلاق .
مەنمۇ ئادەم تۇتقان يولۇم بار ،
ۋىجدان دائىم قويىدۇ سوراق .

— بۇ دۇنياغا تۆرەلدىڭ نېچۈن ؟
ئېيتقىن قانداق ئىشقا يارايسەن ؟
يەپ ـ ئىچىپلا ئۆتسەڭ دۇنيادىن ،
ئەۋلادلارغا قانداق قارايسەن ؟ . . .

ئەل ـ ۋەتەن دەپ تۆرەلدىم ئەلنى ،
ئەجرىم بىلەن گۈللىمەك بەختىم .

ئەل دەپ جاپا چەكسەم « پەگا » دا ،
دەيمەن شۇنى شاھانە تەختىم .

قىزىرارمەن ئەجىرسىز سەمىرىپ ،
قىلىۋەرسەم قاچىنى بىكار .
مېھنىتىمدىن گۈل چەكسەم تاشقا
ئەل سانايدۇ ئاندىن تۆھپىكار .

1986 ـ يىل ئىيۇن ، قەشقەر

## مۇھەببەت دەمسەن ، مەنپەئەتمۇ ؟

يۈرەتتىڭغۇ ھەمىشە يار ئۈچۈن جاندىن كېچەرمەن دەپ ،
جۇدا بولماي ئۆمۈرۋايەت نىگار بىرلە ئۆتەرمەن دەپ .

ئىشەنچتىن چىلك كەمەر باغلاپ بېلىگە ئۇ نىگارىڭمۇ ،
نىيەت قىلدى ئوقۇشتىن كەلگۈچە جەزمەن كۈتەرمەن دەپ .

كېتىپ بىر يىل ئۆتە ـ ئۆتمەي خېتىڭ قالدى جىمىپ بىردىن ،
ئىشى كۆپتۇر . . . ، ـــ دېدى يارىڭ بۇ ھىجراننى يېڭەرمەن دەپ .

كېلىپ بىر كۈن خېتىڭ تەگدى ، ئوقۇپ تاڭ قالدى ئۇ دىلبەر ،
يېزىپسەن : « بەس ، مېنى كۈتمە ، ساڭا ئىقبال تىلەرمەن . . . » دەپ .

سەۋەبىڭ بوپتۇ داشۆدىن چىقىپ بولغاندا « چوڭ كادىر »
ئۆزى ئىشچى ، مائاشى ئاز كىشىنى مەن نىتەرمەن ، دەپ .

ئەمەس جان بەلكى پۇل ، نامدىن كېچەلمەسەڭغۇ ئۇشبۇ كۈن ،
تەۋەككۇل قىپمىدىڭ ياردىن دەپى ـ دۇنيا ئۇتارمەن دەپ ؟

1986 ـ يىل سېنتەبىر ، قەشقەر

## مۇخبىرغا تىلەك

( يىگىت تىلىدىن )

شۇنچە ئادەم نەزەرىدىن يوشۇرۇن ،
دىدارىڭغا قارالمىدىم پېتىنىپ .
كۆرەلمەستىن شۇڭا ئوماق يۈزۈڭنى ،
خىياللىرىم كەتكەنىدى چىگىلىپ .

شۇ ئەسنادا ئاپپاراتنى توغرىلاپ ،
سۈرىتىڭنى تارتتى مۇخبىر « ۋال » قىلىپ .
ھەۋەس قىلدىم ئاپپاراتچىنىڭ بەختىگە ،
قىزىقتۇردى ئەقلىمنى ئۇ لال قىلىپ .

مۇخبىر يىگىت قۇلاق سېلىپ ھالىمغا ،
تەلپىمنى بىر رەت ئىلىك ئالسىچۇ ؟
سۈرەت تارتقان ئاپپاراتنىڭ ئىچىگە .
كۆزلىرىمنى ئەينەك قىلىپ سالسىچۇ ؟

1986 ـ يىل نويابىر ، قەشقەر

# ئالما پىشقاندا

سۈزۈك ئاسمان كەچكى شەپەق ئىلكىدە ،
ئالمىزارلىق قىزىل نۇرغا بۆلەنگەن .
ناسىپ ئالما ، قىزىل ئالما ، سۈت ئالما ،
شاخلىرىغا ئاچا - تىرەك يۆلەنگەن .

سەلكىن شامال ئىرغاڭلاتسا ئالمىلار ،
سىلىققىنا يېقىشاتتى مەڭزىنى .
يوپۇرماقلار بىر - بىرىگە پىچىرلاپ ،
توختىتالماي قىلىشاتتى سەۋرىنى .

كۆلدە ئۆردەك ، تاغدا ئاھۇ يايرىغان ،
باغدا بۇلبۇل ساداسىدىن كۆڭۈل شاد .
مول - ھوسۇللۇق كۈز پەسلى بۇ ھەممە جان ،
كۈلكىلەرگە مېھمان دىلدا قايغۇ يات .

يىگىت نىكەم ، ئاق ئالمىنىڭ تۈۋىگە ،
كېلىپ قىزنى تەقەززا بوپ كۈتكىلى .
( باھاردىكى ۋەدىگە ماس مول - ھوسۇل ،
پەيتى بىلەن قىز كۆڭلىنى ئۇتقىلى . )

قىزمۇ كەلدى ئاستا مېڭىپ ، تارتىنىپ ،
خىجىلچىلىق باسقان ھالدا يۈزىنى .

ھەيران بولدى قاراپ ـ قاراپ ئۆزەلمەي ،
ئوخشاپ كەتكەن ئالمىلاردىن كۆزىنى .

يىگىت دېدى : ھوسۇل شەرتكە تولامدۇ ؟
بىر سۆزۈم بار ئىزھار قىلسام بولامدۇ ؟
مېنىڭ بىلەن بىللە ئالما تۇۋىگە ،
تەر تۆكۈشكە كۆڭلىڭىز يول قويامدۇ ؟

قىز قىزاردى لەۋلىرىدە تەبەسسۇم ،
« ھېساب » دېدى باھاردىكى لەۋزىنى .
سەلكىن شامال ئىرغاڭلاتتى ئالمىلار ،
بىر ـ بىرىگە ياقتى قىزىل مەگزىنى . . .

1986 ـ يىل نويابىر

# بىۋاپا

ياڭزا ـ ياڭزا ناز ـ كەرەشمە بىرلە خەندان قىلدىڭىز ،
كۆيدۈرۈپ ، كۆيگەن يۈرەك ئىشقىنى چەندان قىلدىڭىز .

تارتىنىپ تۇرغانغا باقماي مىڭ تۈمەن گەپ ئۇينىتىپ ،
سېھرىڭىزدىن سۆزلىتىپ ، خويمۇ سۇ خەندان قىلدىڭىز .

بولمىسام ئىزدەپ يۈرۈپ گەر ئىزدىسەم پىنھان بولۇپ ،
تارتقۇزۇپ دەردۇ ئەلەم جىسمىمنى بەريان قىلدىڭىز .

يادىڭىزغا كەلگىنىچە ۋەدە قىپ كۆپ كۈتتۈرۈپ ،
ئۆزىڭىز مەشرەپۇ بەزمە ئىچىدە دەۋران قىلدىڭىز .

ھەممە گۈلگە تەڭ قونۇپ سايرايدىكەنسىز قارىسام ،
سىز مۇھەببەت بابىدا نە ئىشنى ئارمان قىلدىڭىز ؟

ۋەدىڭىزنى ئەسلىتىپ راستچىل بولۇشقا ئۈندىسەم ،
تەنىدىن تاش ياغدۇرۇپ ، شۇ ئاندا غەليان قىلدىڭىز .

مەن ئۈمىد قىلغان ۋاپادىن كۆرمىدىم قىلچە ئەسەر ،
بىۋاپالىق داغىنى باغرىمغا پەيكان قىلدىڭىز .

ئاق كۆڭۈلنىڭ بىلمىكى مۈشكۈل ، كەمەكلەر پەيلىنى ،
ئاخىرى چۆلدە قويۇپ ، تەنىنى بىدەرمان قىلدىڭىز .

سىزگە كىم قىلغانىدى كۆكۆل بېرىشنى ئىلتىماس ،
كۆيمىگەن تۇرۇپ نېچۇن گەپ ـ سۆزنى يالغان قىلدىڭىز .

ئۆزىڭىز ساختا كۆيۈپ ، مېنى ھەقىقىي كۆيدۈرۈپ ،
پاك كۆكۆل گۈلزارىنى جۇت بىرلە ۋەيران قىلدىڭىز .

ئەمدى يالۋۇرماق نېمە ؟ قالغان كۆكۆل سۆيمەس يېنىپ ،
مەن ئىشەنگەن تاغنى سىز باشتىلا گۇمران قىلدىڭىز .

1986 ـ يىل نويابىر ، قەشقەر

## كامال تاپقىن تەڭرىتاغ

( « تەڭرىتاغ » ژۇرنىلىنىڭ تۇنجى سانىنىڭ نەشرىدىن
چىققانلىقىغا بېغىشلايمەن )

پاھ بۈگۈن ھۆسنۈڭ سېنىڭ كۆركەملىشىپتۇ « تەڭرىتاغ »
قامىتىڭ يۈكسەكلىكى كۆكتىن ئېشىپتۇ « تەڭرىتاغ »

تۇغۇلۇپ دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقىڭنىڭ شەنىگە ،
گۈل چېچەكتىن گۈلچىلەر دەستە تىزىپتۇ « تەڭرىتاغ »

ھەر قۇرۇڭ ، ھەربىر بېتىڭگە دىل ئېچىل ، رام بولغۇدەك ،
« بارچە گۈللەر » خۇش پۇراق ئېپار چېچىپتۇ « تەڭرىتاغ ».

گۈل ئېچىلغان باغ ئارا ئىلھامغا پۈركەنگەن چېغى ،
گۈلخۇمار بۇلبۇللىرىڭ سايراپ كېتىپتۇ « تەڭرىتاغ ».

ساڭا تەشنا ئىشقىۋاز ، ئاشىقلىرىڭ ساپ تەر تۆكۈپ ،
چاقنىشى زەپ جىلۋىدار دۇرلار قېزىپتۇ « تەڭرىتاغ ».

سەندە جەم بوپتۇ گۈزەللىك كى ئۈنىڭ شەيدالىرى ،
سۈرىتىڭنى جىلۋىگەر توزدەك سىزىپتۇ « تەڭرىتاغ »

سەنە كېلىپ تەگكەندە قوللارغا ، گويا ئۆركەش بولۇپ ،
ھەر كۆڭۈلنىڭ شادلىقى قايناپ تېشىپتۇ « تەڭرىتاغ ».

مەڭگۈ تاپقايسەن كامال ئەدەبىيات گۈلزارىدا ،
قانلىرىڭ ئۆركەش ياساپ جۇشقۇنلىنىپتۇ « تەگرىتاغ »

1986 ـ يىل دېكابىر ، قەشقەر

# غەزەللەر

قۇتلۇق بولسۇن ئىسمى زاتىڭ زەپ مۇناسىپ يار ساڭا ،
بۇيرۇتۇپ چۈشكەن كەبى ئەرشتىن ئاتاپ دىلدار ساڭا .

ئۈيقۇسىز تۈنلەر ئەسىر قىلدى مېنى يىل ، ئاي ۋە كۈن ،
ئاشۇ ئىسمىڭ ۋەسپىدىن بولغاندا زەپ خۇشتار ساڭا .

دەرد ـ ئەلەملەر سالسىمۇ ھەردەم بېشىمغا كاج پەلەك ،
زەردە قايغۇ سايىسىنى سالمىسۇن زىنھار ساڭا .

راھىتىمدۇر بىر ئۆمۈر ئىسمىڭغا ھەمراھ ياشىماق ،
يارىتارمەن ھەر تىنىقتا مىڭ تۈمەن ئەشئار ساڭا .

ئەتىگە باقتىم ئۈمىد كارۋانىغا رىشتىم چېتىپ ،
بارلىقىم بەخشەندىدۇر بولماق ئۈچۈن ھەمكار ساڭا .

تىنىقىممۇ توختىماي زىكرىڭ بىلەن ، پىكرىڭ بىلەن ،
بولمىغاي ھېچكىم جاھاندا مەن كەبى چىن يار ساڭا .

زار بولۇپ ياد ئەيلىمەس ئەردىم خۇمارىڭ بولمىسا ،
قەلب كۆكۈمدە چاقنىغان شولا جۇلارىڭ بولمىسا .

سەرۋىدەك قامەت ئۈچۈن مەپتۇنمىكىن دەپ ئويلىما ،
چاي ئىچەمتىم چېھرىڭدە مېھرۇ ۋاپايىڭ بولمىسا .

زەر لىباس، ئاھۇ كۆزۈك بولمايدۇ سۆيگۈ ئۆلچىمى،
چىن ساداقەت ئەھدىدىن ئاسقان تۇمارىڭ بولمىسا.

« مەن ھاياتكى ئورنىغان ئىشقىڭ يۈرەكتىن ئۆچمىگەي ».
دەپ دىلىڭدىن ئەيلىگەن ۋەزىڭ ـ قارارىڭ بولمىسا.

مەن كۈتەمتىم شۈنچە يىل ۋىجدان، ئەقىدەڭ تىكلىگەن،
بۇ كۆڭۈل تۆرىدىكى يۈكسەك مۇنارىڭ بولمىسا.

كۆرمىدىم ئايۋان ـ قەسىردە كۈن كەچۈرمەكنى راۋا،
نەتىرىكمەن ئۈندا ئاپتاپتەك جامالىڭ بولمىسا.

سېنى كۈتمەك بۇ ھاياتىم مەنىسى، ئۆتمەس كۈنۈم ـــ
ئوي ـ خىيالىڭ بىرلە جانغا ـ جان قوشارىڭ بولمىسا

سېنىڭ ئىشقىڭ ھاياتىم شامىنى ياندۇرغىنى ھەقتۇر،
ساڭا تەشنا يۈرەككە سۇ بېرىپ قاندۇرغىنى ھەقتۇر.

قېشىڭ ئوقياسىدىن ئۈزگەن يۈرەك قاقشاتقۇچى پەيكان،
مېنى سەۋدايى مەجنۇندەك داۋان ئاشتۇرغىنى ھەقتۇر.

تۈمەن تاغ باسسا يەلكەمنى بويۇن ئەگمەس ئىدىم زىنھار،
« ئىلىپ » قەددىمنى « نۇن » ئەيلەپ تۆۋەن باقتۇرغىنى ھەقتۇر.

مۇھەببەت راھىتى جانىڭ كۈلۈپ باقسا ئەگەر كىمگە
بىراق كۈلمەي مېنى ھەردەم، جاپا تارتقۇزغىنى ھەقتۇر.

جېنىمغا چىڭ ساداقەتمەن كۆڭۈلنى ئازدۇرۇپ ئىشقىڭ،
جاھان تەرك ئەتكۈزۈپ، جاندىن كېچىپ تاندۇرغىنى ھەقتۇر.

جاھانچە دەرد ـ ئەلەم بولسا يۇتاردىم بۇ پىراق دەردى ،
جىمى ئالەمگە ئاشكارا قىلىپ چاندۇرغىنى ھەقتۇر .

ئەگەر ۋەسلىڭ نېسىپ بولسا مېنىڭدەك بەختىيار بولماس
ئۇنىڭسىز چەرخ لەھەتتىن جاي بېرىپ ماگدۇرغىنى ھەقتۇر .

بۇلۇتلار ئويىنىشىپ كۆكتە يۇزى ئاينىڭ تۇتۇلغايمۇ ؟
مېنىڭ مەھزۇن ، سۇنۇق كۆڭلۇم بۇ غەملەردىن قۇتۇلغايمۇ ؟

بىدىل ، مىسكىن دىلى بىردەم بولۇپ شادلىق بىلەن يولداش ،
بۇلۇتلار قاپلىغان ئايدەك ئەلەملەرگە يۇتۇلغايمۇ ؟

بىتەلەيلىك ئەسىر ئەتكەن بىچارە ـ ناتىۋان جانىڭ ،
قاراگغۇ كۈلبىلەر ئىچرە دىلىغا نۇر چېچىلغايمۇ ؟

ئاشۇ بىر چاغ ئۆزىگە جان نىسار ئەتكەن پىداكارىڭ ،
يىراقلىق ۋەجىدىن كۆڭلى بىگانىگە بېقىنغايدۇ ؟

ئەسىر بولما بۇ غەملەرگە جاسارەتلىك چىداملىق بول ،
ھاياتقا ئاشنا جانىڭ ئۇمىد شامى يېقىلغايمۇ ؟

1986 ـ يىل مارت ، 1990 ـ يىل ماي ، قەشقەر

## تۆھپىكارغا

ئەر ياشار ئەردەك ئەگەر مىھنەتنى تۇتسا دوستۇيار ،
تاپقۇسى ئەل ئالدىدا ئالەمچە ھۆرمەت ، ئېتىبار .
نۇرنى دەپ پەرۋانە ئۇرغاي ئوتقىمۇ ئۆز باغرىنى ،
ئەل ئۈچۈن باتۇر ئوغۇل جەڭگاھنى قىلغاي ئىختىيار .
ئىزدىنىپ ، خەلقنى دەپ تۆكسە تېنىدىن قانۇ تەر .
ئەر كۆلەر ھەم يەر كۆلەر جارى قىلىنسا ئىقتىدار .
« ۋاي » دېمەي ئەيلەپ پىدا جان ، جەڭگە كىرسە مەرد يىگىت ،
مىڭ جانان ئاشىق بولۇپ ۋەسلىگە بولغاي ئىنتىزار ،
ئەجرىڭىزدىن ئانا يۇرتنى گۈللىتىپسىز شۇنچە ئۈز ،
جىسمىڭىزدا ئۇرغۇغاچ ئەقلۇ پاراسەت ، كۈچ ـ مادار .
رازىمەنكى بولسا ئون مىڭ جان تېنىمدە سىز ئۈچۈن ،
تەقدىم ئەتسەم شۇ سەۋەبتىن ھەممىنى ئەي تۆھپىكار .
ئالدىمىزدا بار تېخى قانچە مۇشەققەت ، تاغ ـ داۋان ،
خەلقى ئالەم بىلسىڭىز مەردلەرنى مەيداندا سىنار .
كىم چىدام ـ غەيرەت بىلەن بەلنى بوشاتماي ئىشلىسە ،
باش ئېگىپ مۇشكۈل توساقلار بولغۇسى مات ـ شەرمسار .
ئاش ـ ئوزۇق ، پۇل ـ مالغا بەندە بوپ ئۆتۈپ كەتسە كىشى ،
جىسمىدىن بالدۇر تۈگەپ ، ئۆمرى تۈگەل بولغاي بىكار .

1987 ـ يىل ئاپرېل ، قەشقەر

# چېچەكنىڭ ئۆمرى

باغلىرىم گۈللىگەن باھار پەسلىدە ،
زوق بىلەن باقتىممەن چېچەك ھۆسنىگە .
قىزىل ، ئاق ، سۆسۈنرەڭ . . . ھەر خىل چېچەكلەر ،
بېرىپتۇ گۈزەللىك زېمىن ئۈستىگە .

ئەپسۇسكى ، چېچەكنىڭ ئۆمرى بەك قىسقا ،
ئۇزاققا بارمايدۇ گۈزەللىك دەۋرى .
ۋە لېكىن ئۇ مەمنۇن قانائەتىدىن ،
شۇنچىلىك تۇرغانغا قىلىدۇ سەۋرى .

دەيدۇ ئۇ : ئۇزۇنلۇقىم شۇنچىلىك قىممەت ،
ئىنسانغا تېخىمۇ ئەۋزەلى باشقا .
مېھرىمدىن خەلقىمگە بەرمىسەم مېۋە ،
بولامدۇ گۈزەل دەپ مېنى ئاتاشقا .

تۇپراق ، سۇ . . . ئەمگەكچان باغۋەن بولغاچقا ،
مەن چېچەك ئاچقانمەن شاخلار ئۈستىدە .
شۇ سەۋەب ئەلنى دەپ بېرىمەن قۇربان ،
گۈزەللىك تولدۇرۇپ مېۋە بەستىگە .

چېچەكلەر بولغاچقا مېۋە ئانىسى ،
چۈشمەيدۇ تىللاردىن ئۇنىڭ تەرىپى .

چېچەكنىڭ ئۆمرى [illegible]ۇر مېۋىنىڭ ئۆمرى،
چېچەكنىڭ خىسلىتى مېۋە شەربىتى.

نەقەدەر گۈزەل ھە! چېچەك خىسلىتى،
مەن ئاشۇ خىسلەتكە ئەجەبمۇ ئامراق.
ئادەمنىڭ بۇرچىدۇر ئەلگە نەپ بەرمەك،
نە ھاجەت ساختىدىن كۆتۈرگەن بايراق.

1988 ـ يىل ئاپرېل، قەشقەر

# ماختىما

( يېزىدىكى ئىنىمنىڭ خېتىدىن )

ئاكا مېنى ماختىما ،
شان ـ زەپەرلەر قۇچتى دەپ .
قانات ياساپ بىلىمدىن
پەن كۆكىدە ئۇچتى ، دەپ .

دۇرۇس ئازراق ئىزدەندىم .
كۆكتە ئەمەس ، زېمىندا .
قىلغانلىرىم بەكمۇ ئاز ،
ئارزۇيۇم كۆپ دىلىمدا .

شۇتا ياساپ بىلىمدىن ،
ئايغا چىقتى بەزىلەر .
زېمىنىنىڭمۇ كۆكسىدىن ،
زەم ـ زەم ئىچتى بەزىلەر .

پەن ـ ئىلىمدىن خىسلەتلىك ،
ئاچقۇچ ياساپ بەزىلەر
كائىناتنىڭ سىرىنى
بىلدى ئېچىپ بەزىلەر

ئەمدى قارا بىزلەرگە ،

بوۋام ھەبدەپ ئۆكۈزنى .
كەتمەن بىلەن يەر تېرىپ ،
تامام قىلدى ئۆمرىنى .

ئانام بىلى ئېتىزدا ،
كېۋەز تېرىپ مۈكچەيدى .
دادام تاتىلاپ خامانى ،
تالاي يىلنى ئۆتكۈزدى .

مانا تېخى ئۈكامۇ ،
ئېشەك ھەيدەپ يۈرىدۇ .
ئېغىر - يېنىك نەرسىنى ،
ھارۋا بىلەن توشۇيدۇ .

ئاپتوموبىل يوق ئەمەس ،
تېخى يەتمەس « بويىمىز ».
ئارمان تولا ، دەرمان ئاز ،
ئويچە تۇردى ئويىمىز .

ئەھۋال تۇرسا ئاشۇنداق ،
ياراشمىدۇ ماختىنىش .
ماختانساقمۇ بولمامدۇ
ئۆز - ئۆزىگە ئالدىنىش . . .

ئاكا مېنى ماختىما ،
سەپەر تېخى ئالدىمدا .
يىراق مەنزىل ، چوڭ ئىشلار ،
دائىم تۇرار يادىمدا .

ماختاشلاردىن تورلىشىپ ،
كۆزۈم خىرە بولمىسۇن .
تەمەننانىڭ چاڭلىرى ،
دىل خانەمگە قونمىسۇن .

مەنمۇ چىقاي ئاي قىزى
بىلەن كۆككە تويلىشىپ .
ماختايدىغان سۆزۈڭنى ،
شۇ چاغ كۆرگىن ئويلىشىپ .

1988 ــ يىل ، ئىيۇن

## ئانا قەلبى

گۈلدەك چېھرىدە
بۈگۈن قورۇقلار . . .
كۆرۈپ ئەينەكتە
ئۇھ ! . . . تارتتى ئانا .
ئانا كۆڭلىنى چۈشەندىمىكىن
كەلدى يېنىغا
ئوغۇل ، قىز بالا .

ئەركىلەپ ،
ئويناپ
ئانا ، ئانا ، — دەپ ،
خىيالىدىن يۇلۇپ ئالدى ئانىنى .
بىرى چېچىنى سىلىسا يۇمشاق ،
بىرى بوينىدىن ئالدى قۇچاقلاپ ،
شۇ دەقىق ،
ھالسىز بولدى ، ئۈزۈلدى ،
ئانىنى بوغقان ،
ئازاب ، ئارقىنى .
قىز ئىدى چوڭى ،
گۈل ئىدى يۈزى ،
چولپان كۆزىدىن
تارىلاتتى نۇر .

ئوغلى ئەقىللىق
ئىدى زىيادە،
ھەمدە كىچىكتەك،
شوخ - ئۇچقۇر.
سۆزلەپ كېتىشتى:
— قارىغىن ئانا،
چەكمە ھەسرەتلەر،
رەڭگىم كەتتى دەپ:
گۈلدەك چىرايىڭ،
ئارزۇ - ئارمانىڭ
رۇخسارىمىزدا،
يۈرىكىمىزدە
تۇرامدۇ مانا!
مۇڭلانما ھەرگىز قېرىلىق يەتتى، — دەپ
ئارزۇ - ئارمانىڭ
گۈللىنەر بىزدە
كۆكلەپ،
چېچەكلەپ.
ئەمدى،
نەزەرنى يۆتكىدى ئانا،
ئەينەكتىن،
يۈرەك پارىلىرىغا.
شىپالىق مەلھىمى
سۇرتۇلدى شۇ چاغ،
ياشلىق ئارمىنى،
قېرىلىق مۇڭلىرى

تىلغاپ ئۆتكەن
كۆكۆل يارىلىرىغا .

1988 ـ يىل ئاۋغۇست ، قەشقەر

## قىزنىڭ ئارزۇسى

جېنىم ئانا مېنى تولا زورلىماڭ ،
ئالدىراپلا ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇشقا .
ئۇنىمايدۇ كۆڭلۈم مېنىڭ باشلىغان ،
ئىشلىرىمنى يېرىم يولدا قويۇشقا .

مەن باشلىدىم بۇ يىل ئالما سورتىنىڭ ،
يېڭىسىنى باغدا سىناق قىلىشنى .
سىناق كۆتەر كېچە ـ كۈندۈز قېشىدا ،
كۆيۈنۈشنى ياخشى پەرۋىش قىلىشنى .

كېتەلمەيمەن باغنى تاشلاپ يىراققا ،
ئالمىلاردۇر مېنىڭ جېنىم ، سۆيگىنىم .
نەتىجىگە ئېرىشمىسەم ئىشىمدا ،
پايدىسىزدۇر كۆپ يىل ئوقۇپ بىلگىنىم . . .

ئوقۇپسىز غۇ سىزمۇ ئون يىل ئانىجان ،
ھەممە پەندە ئەلا بولۇپ مەكتەپتە .
كەلگۈسىدە ئىقتىدارلىق ئادەم بوپ ،
ئەلگە تۆھپە قوشاي دېگەن مەقسەتتە .

ئەپسۇس ، بېقىپ ئاتا ـ ئانا رايىغا ،
بولۇپ قاپسىز بالدۇرلا ئۆي ـ ئوچاقلىق .

كېتەلمەيسىز ، بۆشۈك ، ئوچاق بېشىدىن ،
قىپ بولالماي كۆپ ئىشلارنى بىر ياقلىق . . .

بولۇپ قېلىپ يەتتە بالا ئانىسى ،
ئارزۇيۇڭىز قالدى يەتتە تاغ ئارا .
تۆھپە قوشاي ئەلگە توسماڭ يولۇمنى ،
ئارزۇيۇڭىزنى چېچەكلىتىپ مەن ئانا .

زورلىماڭلار ئاتا ــ ئانا توي ئۈچۈن ،
كىچىككىپرەك توي قىلغانمۇ سەت ئەمەس .
ئىنتىلەيلى بىزمۇ چوڭراق ئىشلارغا ،
چىرمىمىسۇن بالدۇرلا ئۆي ئىشى بەس .

ئاتا ــ ئانا يول قويۇڭلار ئىشىمغا ،
ئىختىرادىن بېغىمنى مەن گۈللىتەي .
تويۇم بولسۇن مېۋىنى ئەل يىغقاندە ،
شۇ چاغ مەنمۇ خەلقىم بىلەن تەڭ كۈلەي .

1988 ــ يىل دېكابىر ، قەشقەر

## باغقا كىرسەم

ئۈمىد بىلەن كىرسەم بېغىڭغا ،
ئۆزگە باغقا باشلىدىڭ مېنى .
ئۆز قولۇڭچە بەرمەستىن ئانار ،
كۆكتىن يەرگە تاشلىدىڭ مېنى .

ئويلىدىڭمۇ مېۋە يېگىلى ،
كىردىغۇ دەپ مېنىڭ ئەي جېنىم .
خەس بەرسەڭمۇ ئۆزۈڭنىڭ بولسۇن ،
شۇ چاغ كۆڭلۈم تاپىدۇ تىنىم .

1988 ـ يىل دېكابىر

## ئەجابا

سەھرالاردىن تۇتۇپ ، كەلتۈرۈپ ،
قەپەسلەردە باقىسىز تورغاي ،
كېچە ـ كۈندۈز كۈتۈپ ، تەلمۈرۈپ ،
سايرىغاندا خۇشالسىز هاي . . . هاي .

ئۆستۈرىسىز سەھرا گۈلىنى ،
تەشتەكلەردە بېقىپ ، پەپىلەپ .
ماختىنىسىز شۇ گۈللەر بىلەن ،
دوستلىرىڭىز كەلسە پەتىلەپ .

داستىخاننىڭ ھۆسنىنى ئاچقان ،
ئەنجۈر ، ئۈزۈم . . . كەلدى سەھرادىن .
چاڭقىغاننى ھۇزۇرلاندۇرغان ،
تاۋۇز ، قوغۇن كەلدى سەھرادىن . . .

شۇ سەھرادىن قېينانىڭىز ،
يوقلاپ كەلسە شەھەر تامانغا .
تۈرۈلۈشتىن قاپاقلىرىڭىز ،
ئالغىدەكلا بوپتۇ باراڭغا .

سىلىپ قويغان ئاياغلىرىنى
قاياققىدۇ تىقىشتۇردىڭىز .
ئولتۇرۇپلا قوپقان كۆرپىنى ،

پالاقلىتىپ قېقىشتۇردىڭىز .

« جاراڭ ــ جۇرۇڭ » سىلكىنىشلەردىن ،
ئۇچتى نەچچە تەخسىنىڭ « لېۋى ».
ئەڭ يامىنى ئاشۇ ئانىغا ،
قىلدى ئەلەم گەپلەرنىڭ « قىرى ».

كۆيۈپ ، پىششىپ سۆيگەن جۇپتىڭىز ،
ئەمەسمىدى سەھرا بالىسى .
ئەجەبا ، يات كۆرۈنۈپتىغۇ ؟
بۇ گۈن سەھرالىقنىڭ ئانىسى .

1989 ــ يىل دېكابىر ، قەشقەر

# مەرھابا نورۇز

باغ گۈزەل ، تاغلار گۈزەل ، ئەتراپ گۈزەل .
تويغا جابدۇنغان كەبى ئۈز دىلرەبا .
نە سەۋەب شۇنچە گۈزەللىك بۇندا جەم ،
چۈنكى يۇرتقا كەلدى نورۇز مەرھابا .

كەيدى كىمخابتىن يېشىل تون يەر - زېمىن ،
چېھرىدىن نۇر ياغدۇرۇپ كۈلدى ساما .
چۈشتى مەجنۇنتال ئۇسسۇلغا تولغىنىپ ،
زەپ يېقىملىق كۈيىنى چالدى سابا .

كەلدى تۇرنا ، كەلدى ئۆردەك ، كەلدى غاز .
تەلپۈنۈپ ، ئىللىق ماكانىنى ياد ئېتىپ .
تال ، تېرەكلەر ياپرىقى چالدى چاۋاك ،
كۈيچى كاككۇكنى ئاجايىپ شاد ئېتىپ .

ئاڭلىنار يايلاقتا چوپان ناخشىسى ،
قىيغىتىپ ئويناىدۇ تايچاق - قوزىلار .
كەلسە ئۈنچە چاچرىتىپ تاغ سۇلىرى ،
ئېگىلەر تەزىمدا سۇمبۇل ، نۇتىلار .

ئىشقا ماڭسا سۇبھىدە دېھقان يىگىت ،
جۆر بولۇشنى قىلدى چولپان ئىختىيار .
باشقىچە جانلاندى كۈجۈم ۋادىلار ،

بەسلىشىپ لەگلەك ئۇچۇردى باللار .

مىندى تۇلپارنى چەۋەنداز بەيگىدە ،
ئۇرغۇتۇپ چال كۆكلىدە ياشلىق ھەۋەس ،
چەكتى كاككۇك ناخشىسى دىرىزىنى ،
تولدى شائىر قەلبىگە ئىلھام پەۋەس .

بۇ گۈزەل نورۇزغا ئالقىش ياغدۇرتىپ ،
تۇشمۇ تۇشتە قىزىدى مەشرەپ ، ساما .
بىر ـ بىرىگە قۇت تىلەشتى دوست ـ ياران ،
چىققۇسى دەپ كۈزدە بەركەتتىن سادا .

1989 ـ يىل مارت ، قەشقەر

# ئامرىقىم باغۋەن

تۆكۈپ تەر سىڭدۈرۈپ مېھنەت ،
كۆچەتلەرگە بېرىپ شەربەت ؛
بېغىمغا ياغدۇرار بەرىكەت ،
جاپاكەش ئامرىقىم باغۋەن .

ئىزىڭدىن گۈل ـ چېچەك ئۈندى ،
شېخىغا بۇلبۇلۇم قوندى .
ئەجىر ـ تۆھپەڭگە قەلبىمدە ،
پەۋەستۇر شادلىقىم باغۋەن .

گۈلىستان باغ ئارا يايراپ ،
سېنىڭ بىرلە كۈلۈپ ، ئويناپ ؛
ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرسۈن ،
نۇرانە ياشلىقىم باغۋەن .

1989 ـ يىل ماي

# كۈتۈش

تاماق ئېتىپ شۇنچە مەززىلىك ،
كۈتۈپ تۇردى ئېرىنى چوكان
ئۇسسۇمىدى « داداڭ كەلسۇن » دەپ ،
بالىلىرى سالسىمۇ چۇقان .

قاراپ ـ قاراپ تاقىتى تۈگەپ ،
ئۇھ . . . دەۋەتتى ھالىدىن كېتىپ .
بىراق ، غىزا يېگىسى كەلمەي ،
ئۆيغا كەتتى كۆرپىگە پېتىپ .

تانىسخانا ئالدىدا شۇ ئەر ،
بىر جۈپ بېلەت تۇتقان قولىغا .
ئەتراپىغا تىنماي كۆز تىكىپ ،
كىملەرنىڭدۇ قارار يولىغا .

( نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا شۇنداق
ئايالىنى تۇراتتى كۈتۈپ .
بۈگۈن مانا باشقا بىرىنى ،
كۈتمەكتە ئۇ تۆت ـ بەش يىل ئۆتۈپ . )

يېتىپ كەلدى سەتەڭ بۈدۈر چاچ .
ئەر ئالدىغا ئويناقلاپ ، كۈلۈپ .

قولتۇقلىشىپ ماگدى تانسىغا ،
ئارمانىغا يەتكەندەك بولۇپ .

باللىرى كەتكەن ئۇيقۇغا ،
خىيال بىلەن ئولتۇرار چوكان .
قىلىۋەرگەچ بۇ كۆڭلەر داۋام ،
ھەسرەت قۇشى سالماقتا چۇقان .

1989 ـ يىل 14 ـ ماي ، قەشقەر

## سۈكۈتتىكى جانانغا

( بىر يىگىتنىڭ خاتىرىسىدىن )

گۆدەكلىك چاغلىرىم، سۆيگەن مەن سېنى،
كۈن ـ تۈنلەر تاڭ قالغان ئىشقىم ئاھىغا.
باقسامۇ ئىلتىجا نەزەردە ساڭا،
ۋەھكى تىل باقمىغان كۆڭلۈم رايىغا.

يىللارنى تۇرغۇزدى كۈنلەر چۆرگىلەپ،
شۇ يىللار گۆدەكنى قىلدى نەۋقىران.
ھېسابسىز كۈن بەردى تۈنلەرگە ئورۇن،
دىللارغا نۇر بەردى ئەقىل ـ ھۆكۈمران.

چوڭ بولدۇم، ئۇنتۇلدى كۆپلىگەن ئىشلار،
ۋە لېكىن ئاشىقلىق ۋايىغا يەتتى.
بۇزۇلماس ئەقىدەم جىسمىڭنى قىبلە،
ئىزىڭنى مۇقەددەس جايىناماز ئەتتى.

خىيالىڭ ئايرىلماس كۆڭلۈمدىن دەقىق،
شۇ سەۋەب ۋۇجۇدۇم تۇرىدۇ تىمەن.
ھېچ ئىنسان سۆيمىگەي مېنىڭدەك سېنى،
سۆيگۈمنىڭ يىلتىزى شۇنچىلا تىرەن.

مېنى دەپ ھەمىشە چەكسەڭمۇ جاپا،

يەنىلا تەبەسسۇم قىلىسەن ئاتا،
ئەجرىڭگە جېنىمنى بەرسەممۇ بەدەل،
ئەي جانان، قۇللۇقۇم بولمايدۇ، ئادا

خىلۋەتتە، بۇكىكىدە تالىلىق ئىچىدە،
ئاخىرى سۆيگۈمنى ئەيلىدىم بايان.
(كۆزلىرىم ھېسابسىز سۆزلىگەن بۇنى)
بۇ سىرلار ئەزەلدىن ئۆزۈڭگە ئايان.

ئايلىنىپ كېلىمىز دەريا بويىدىن،
باغ ئارا گۈللەرنى قىلىمىز سەيلى.
ئاتەشتەك كۆزلىرىم ئىزدەيدۇ جاۋاب،
تىكىلىپ چېھرىڭگە بارمۇ؟ دەپ مەيلى.

سۆزلىرىم جاۋابسىز پېتىچە قالدى،
ئەگىدى بۇلاقتەك كۆزلىرىڭدە ياش.
سۆزلىدىم كېيىنمۇ يېنىش - يېنىشلاپ،
ئاھ... ! جانان سۇكۇتتىن كۆتۈرمىدىڭ باش.

سەيلىدە بولساقمۇ قانچە قېتىملاپ،
سۆيگۈنىڭ زارىدىن پۈتسەممۇ دەپتەر،
لەۋزىڭدىن رىزالىق بولمىدى زاھىر،
ئېيتقىنا نە ئوي بار كۆڭلۈڭدە دىلبەر،

ھەر قانچە پەرىشان تۇرساڭمۇ يەنە،
كۆيۈنۈپ مەن ئۈچۈن بولىسەن ھەلەك.
ئۈمىدكە تولىدۇ قەلبىم بەزىدە،
ۋىسالغا مۇيەسسەر قىلغاندەك پەلەك.

گەپلىرىم بۆلمەستىن سالسەن قۇلاق ،
خىيالغا كىتىسەن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق .
سىنىڭدىن زارىقىپ كۈتكەن ئۈمىدلەر ،
ئېيتقىنا يېقىنمۇ ، يوقمۇ ، يا يىراق ؟

ئېيتقىنا ! ئى جانان نېچۈن سەن مۇڭلۇق ،
كۆڭلۈڭدە بارمۇ يا پىنهان مۇھەببەت .
ئاشكارا ئېيت مەيلى بولاي مەن خاراب ،
مېنى دەپ قەلبىڭگە تولمىسۇن ھەسرەت .

## دېھقان ناخشىسى

( ناخشا تېكىستى )

بەختىمنى چېچەكلەتكەن ،
ئەجەب ئىللىق باھارىم بار .
دىلىمنى نۇرغا چۆمدۈرگەن ،
قۇياشلىق ھۆر ناھارىم بار .

كەڭ ئېتىزدا ئىشلەيمەن ،
بىلەكتە كۈچ ـ مادارىم بار .
يېنىمدا سىردىشىم چولپان ،
مەدەتكارىم ، نىگارىم بار .

زامانەم بەردى قۇت ـ ئامەت ،
قىزىلگۈلدەك چىرايىم بار .
سۈرەرمەن شاھ ھۇزۇرىنى ،
ئېسىل ئايۋان ـ سارايىم بار ،

بەختىم بار ، باھارىم بار ،
ئەجەب ئوبدان زامانىم بار .

1989 ـ يىل ماي ، قەشقەر

## رەنجىمە

نەچچە رەت رەنجىدىڭ مەندىن مەشۇقۇم :
ــ چاندۇرۇپ يۈردۈڭ ، ــ دەپ كىشى بار جايدا .
« ئاغرىقنى يوشۇرسا ئۆلۈم ئاشكارا »
ئاشىقلىق يولىدا چانمىغان قايدا .

رەنجىمە كىشىلەر بىلىپ قالدى دەپ ،
پەيت كۈتۈپ ئادەمسىز خالىدا باراي .
ــ قارىما ، ـ دېمىگىن ( دېسەڭمۇ بىكار )
كىشىگە تۇيدۇرماي پىنھانە قاراي .

يوشۇرۇپ يۈرمىگىن ئۆزۈڭنى مەندىن ،
سېنىڭسىز ھاياتتىن بار نېمە مەنا .
بىر لەھزە ۋەسلىڭگە مىلڭ جېنىم پىدا ،
بەر ماڭا نىجاتلىق سەن ئۆزۈڭ رەنا .

1989 ـ يىل ماي ، قەشقەر

## رەنجىمىدىم سىنىڭدىن

تەكلىپ قىلىپ بارسام سەيلىگە
ئاپتاپ كەبى كۈلۈپ باقتىڭسەن .
ھال سورىدىڭ شۇنچە يېقىملىق ،
شادلىقىمغا شادلىق قاتتىڭسەن .

تەبەسسۇمدا ئىشتىتىڭ سۆزۈمنى ،
تەكلىپىمنى قىلغاندا ئىزھار .
سۆھبەتلەشتىڭ مەن بىلەن ئۇزاق ،
ئەسلى گەپكە يانداشماي زىنھار .

ئاخىرىدا سەۋەبلەر قويۇپ ،
مەسلىھەتنى سالغاندا ماڭا .
بىلىۋالدىم سەيلىگە رايىڭ ،
يوقلۇقىنى سۆزلىرىڭ ئارا .

ياخشىلارنىڭ سۆزى چىرايلىق ،
قىلىقىمۇ ئەمەس ئىكەن سەت .
رەنجىمىدىم شۇڭا پەم بىلەن ،
تەكلىپىمنى سەن قىلغاندا رەت .

1990 ــ يىل ماي ، قەشقەر

## چوكانلار

كۆكۆللەر كۆكىدە كۆندەك يورۇپ ـ چاقنايدۇ چوكانلار ،
شاپائەت ، ھىممىتىدىن جان كۆلۈپ ياشنايدۇ چوكانلار .

چىمەن باغلار ، گۈلىستانلار گۈلى رەناسى ، رەيھانى ،
سىلەرسىز چىن گۈزەللىكتە قۇچاق ئاچمايدۇ چوكانلار .

تولۇپ ھۆسنى كامالەتكە يېتىلگەن خۇلق ـ نازاكەتتە ،
شېرىن سۆز ، سۇلكىتىدىن دىل ئەجەب يايرايدۇ چوكانلار .

تۇمەن مىڭ خىل ھۈنەر ھېكمەت ئەمەس سىر ئالدىدا قىلچە ،
ئەقىل ـ زېھنى گىلەم ـ كەشتە ئارا پارلايدۇ چوكانلار .

ياراشقان زەر ئۈزۈك ، ھالقا ، بىلەزۈك ، ئۈنچە ـ مەرۋايىت ،
مەھەللە ، رەستىلەر ئىچرە جۇلا تاشلايدۇ چوكانلار .

ئېسىل نېمەت تائامىدىن رىزا بوپ داستىخان ئەھلى ،
ھەمىشە ئاپىرىن ـ تەھسىن ئوقۇپ ، يادلايدۇ ، چوكانلار .

يىگىت ـ قىزلار ، موماي ـ چاللار ، جىمىكى ئەھلى ـ يۇرت قەلبى ،
مۇبارەك خىسلىتىڭلارنى داۋام قۇتلايدۇ ، چوكانلار .

1991 ـ يىل فېۋرال ، قەشقەر

# كۆڭلۈم

پەرىلەر چاچقۇسى قاردىن كۈمۈش زۇننار تاقار كۆڭلۈم ،
شۇ چاچقۇ ئىزلىرى بويلاپ ، بۇلۇتلاردىن ئاشار كۆڭلۈم .

كۆرۈندى قار بوۋاي ئاپئاق ساقالىنى يەلپۈتۈپ كۆزگە ،
تەبەسسۇم ئىلكىدە ھۆرمەت كۆزى بىرلە باقار كۆڭلۈم .

بوۋاي : كەلدى يېڭى يىل ، — دەپ پۈتۈن ئەلگە جاكار قىلدى ،
يېڭى يىل شادلىقىدىن سەل ، قىيان ـ تاشقىن ياسار ، كۆڭلۈم .

— مۇبارەك دوستلىرىم شانلىق يىلىڭلار بەرىكە ، قۇت تاپسۇن ،
— دېدىم دوستلارغا قول سۇندۇم ئۇقادەك بىغۇبار كۆڭلۈم .

ئاق ئالتۇن كانىدىن ھەيۋەت بىلەن كەلدى ئەنە دېھقان ،
زەبەردەست قامىتىدىن زوق ، ھاياجانغا تولار كۆڭلۈم .

ئەنە سانسىز ئۇتۇقلاردىن زەپەرگە تولدۇرۇپ يىلنى ،
ئاتانغان ئىشچى دوستۇمدىن يېڭى لەززەت ئالار ، كۆڭلۈم .

جاھاننى تولدۇرۇپ ئوتلۇق تىلەكلەرىنىڭ جۇلاسىغا ،
ئەدىب دوستۇم كۆرۈنگەندە ئەجەبمۇ شادلىنار كۆڭلۈم .

كۆرۈپ ئۇستاز — مۇئەللىمنى يىراقتىنلا سالام بەردىم ،
ئۇنىڭ ئەجرى ئۈچۈن تەھسىن ئوقۇيدۇ ئىنتىزار ، كۆڭلۈم .

ئەنە دوختۇر ، ئەنە جەڭچى ، ئەنە ئۇيناق غەزەلخانىم . . .
جىمى ئوتلۇق بېقشلارنىڭ نۇرىدىن كۈچ تاپار كۆڭلۈم .

خۇشال بىر يەرگە جەم بولدۇق ، جاسارەت كۈچكە لىق تولدۇق ،
ئۇزاتتۇق كونا بىر يىلنى شەرەپتىن گۈل تىزار ، كۆڭلۈم .

بۇگۈن بىز بەزمىدە ئالقىشلىدۇق ھەيھات يېڭى يىلنى ،
يېڭى يىلغا يېڭى ناخشا ، يېڭى كۈيلەر قاتار ، كۆڭلۈم .

1991 ـ يىل ، دېكابىر

# شاماللاردىن سورايمۇ ؟

ئۇچۇپ كەلگەن شامالنى ،
رومىلىمدا تورايمۇ ؟
ئەھۋالىڭنى نىگارىم
شامالللاردىن سورايمۇ ؟

خەت يازمىدىڭ نە بولدى .
رەنجىدىڭمۇ مېنىڭدىن .
ئۈكسىگەنمۇ ۋە ياكى
قەلەم ، قەغەز يېنىڭدىن .

خەت يېزىشقا ناۋادا ،
قىلالمىساڭ ئامالنى .
ياردەم ئۈ پۈن يېنىڭغا ،
چاقىر ساڭچۇ شامالنى .

ئېيتىپ قويساڭ ئۇنىڭغا ،
كۆڭلۈڭدىكى گېپىڭنى .
ئالماسمىدىم تاپشۇرۇپ ،
قوشۇپ گەپكە ھىدىڭنى .

ئۇچۇپ كەلگەن شامالنى ،
رومىلىمدا تورايمۇ ؟

ئەھۋالىڭنى ئامرىقىم ،
شامالللاردىن سورايمۇ ؟

1992 ـ يىل ئاپرىل ، قەشقەر

# سۇمبۇل چاچنى ئىزدەيمەن

( ناخشا تېكىستى )

ھۆسن قوشۇپ ھۆسنىڭگە ،
جەۋلان قىلىپ كۆكسۈڭدە .
تال ـ تال سۇمبۇل چاچلىرىڭ ،
زەپ ياراشقان بەستىڭگە .

چاچلىرىڭغا كۆيگەنمەن ،
پىراقىدا يۈرگەنمەن .
مەجنۇنتالدەك تولغانسا ،
كۆرۈپ مەجنۇن بولغانمەن .

ئەمدى يارىم نېمىشقا ،
قىرقىۋەتتىڭ چېچىڭنى .
سۇمبۇل چاچنى ئىزدەيمەن ،
ئاقتۇرۇپ كۆز يېشىمنى .

نەقرات :

يايغىن سۇمبۇل چېچىڭنى ،
تۆكمىگىن كۆز يېشىمنى .

1992 ـ يىل ماي ، قەشقەر

## سېغىندىڭمۇ نورۇزنى ئەركەم

تال ـ تال سۇمبۇل چاچلىرىڭ كۆركەم ،
شوخ ساباھتا يەلپۈنۈپ دەم ـ دەم ،
چىللاپ يۇرتۇم باغرىغا كۆكلەم ،
يىراقلاردىن كەلدىڭمۇ ئەركەم .

ئەلنىڭ نورۇز كۆرەكلىرىدىن ،
ئۇقچۇپ تۇرغان يۈرەكلىرىدىن ،
ئوتلۇق سالام ، تىلەكلىرىدىن ،
سېغىنغانىنى سەزدىڭمۇ ئەركەم .

چاقناپ تۇرغان ئاھۇ كۆزلەردىن ،
تەبەسسۇملۇق جانان يۈزلەردىن ،
بالدەك شېرىن ـ لەزىز سۆزلەردىن ،
يۇرت مېھرىنى بىلدىڭمۇ ئەركەم .

زەم ـ زەم ئاققان ئېرىقلىرىدىن ،
نوتىلارنىڭ تىنىقلىرىدىن ،
سەبىيلەرنىڭ قىلىقلىرىدىن ،
ھايات پەيزى سۈردۈڭمۇ ئەركەم .

بۈگۈن يۇرتۇم باھار ئىلكىدە ،
ئەل كۆڭلى شاد ناخشا ـ كۈلكىدە .
مىڭ جەننەتنىڭ ھۆسنى كۆكىدە ،

ئۇزلىقىنى كۆردۇڭمۇ ئەركەم .

ئەلنىڭ رىشتى بىلەن چىتىلىپ ،
تويلىرىنى تويلاپ ، قىتىلىپ ،
گۈل نورۇزدا گۈلدەك ئېچىلىپ ،
يايراپ كېلەي دېدىڭمۇ ئەركەم .

1992 ـ يىل ، قەشقەر

## سەپەر ئالدىدا

تۇرسام ئۇزاق ئەينەك ئالدىدا ،
ماڭا ھەيران قالدىڭمۇ قىزىم .
كۆنۈكمىگەن قىلىقلىرىمنى ،
كۆرۈپ كۈلۈپ سالدىڭمۇ قىزىم .

كەلگىنە ، كەل تۇرماستىن قاراپ ،
چاچلىرىمنى تۈزەشتۈرۈپ قوي .
كىيىملىرىم يارىشىپتىمۇ ؟
ئۆزۈڭ ئەپلەپ ياراشتۇرۇپ قوي .

ئەجەبلەنمە نېمە ئىش بۇ ؟ دەپ ،
بۈگۈن يۇرتقا بارىمەن قىزىم .
جانىجانىم ئانام باغرىغا ،
ۋۇجۇدۇمنى ئاتىمەن قىزىم .

گۈزەل سەھرا ، كۆجۈم ۋادىلار ،
باھار سۈپەت كۆرسۈن قىزىنى .
ئەگىم ـ ئەگىم يوللار زوقلىنىپ ،
قۇچىقىغا ئالسۇن ئىزىنى .

تەڭتۇشلىرىم ، ھەدە ـ سىڭىللار ،
كىيىمىنى قىلسۇن مۇبارەك .
ئويناپ ـ كۈلۈپ دوستلىرىم بىلەن ،

خۇشاللىقتىن يايرىسۇن يۈرەك .

جۈپ ـ جۈپ ئۈزۈك سالغان قولۇمغا ،
سۆيۈپ ـ سۆيۈپ ، شادلانسۇن ئانام .
موماڭ تۇمار ئاسقان بوينۇمدا ،
زۇننار كۆرۈپ ، زوقلانسۇن دادام .

قىرانلىققا تولغان قامىتىم ،
قورۇقلارغا تاشلىسۇن سايە ،
مەجنۇن تاللار باللىقىمدىن ،
سۆزلەپ بەرسۇن شېرىن ھېكايە .

« ھېيىت بولمىسا ھازىر » دېدىڭمۇ ؟
ـــ بالىدەك ـ سەن تېخى بىلمەيسەن .
ھېيتتىكىدىن خۇش تۇسا كۆڭلۈم ،
ھېيت ئەمەس ، ـــ دەپ نېمە غەم يەيسەن .

ئۆز يۇرتۇمدا كۆڭلۈم تاغ مەسەل ،
بىر كۈن تۇرسام شۇ كۈن ھېيت ماڭا .
ھېيتتىكىدەك تۈزسەم ئۆزۈمنى ،
تۇيۇلمىسۇن غەيرىي ئىش ، ساڭا .

ئىشلىرىمغا بولما تۇسالغۇ ،
بۇندا بىردەم تۇرىمەن قىزىم .
ياسانچۇق دەپ ئەيىب ئەتمىگىن ،
چۈنكى يۇرتقا بارىمەن قىزىم .

1992 ـ يىل ، مارت

# گۈلزارغا

( قەشقەر گېزىتى « قەشقەر گۈلزارى » ئەدەبىيات بېتىنىڭ 1000 سان چىقىرىلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن )

لەۋ يېرىپ تەبەسسۇم قىلىپ ئەي غۇنچە ،
تۇنجى رەت مەيلىمنى تاتقاندىن بېرى .
گۈزەللىك بابىدا بولۇپ يېگانە ،
دىلىمغا ئۆچمەس ئوت ياققاندىن بېرى .

سېغىنىپ ۋەسلىڭنى كۆرەتتىم سەندىن ،
هەر دىدار پەيتىدە بىر يېڭى مەنا .
يەنە بىر كۆر گۈچە ئۇيقۇدىن بىدار ،
مەجنۇنتىم ئىشقىڭدا ئەي گۈلى رەنا .

سەيلىتىپ قوينۇڭدا مىڭىنچى قېتىم ،
هىدلىدىم بويۇڭنى « قەشقەر گۈلزارى »،
ئېتىكىڭ تولۇپتۇ رەڭمۇ رەڭ گۈلگە ،
تېخىمۇ ياشنىسۇن ئۆمرۈڭ باھارى .

1993 ـ يىل ، مارت

# مۇشكۇل يوللاردا

مۇشەققەتتە باستۇق شۇنچە يوللارنى ،
نىمە ئامال ، ئۆزىمىزدىن ئۆتكەن ، دەپ .
ئالىقاندىكى ئامەتنىمۇ تۇتالماي ،
تەلەي قۇشى قولىمىزدىن كەتكەن ، دەپ .

سەپەر قىلسام مىسكىنگىنە قارايسەن ،
كۆزۈڭ ئۇزمەي كۆزنەكلەردىن مارايسەن .
ئويلىساڭمۇ « ئاق يول بولسۇن » دېيىشنى ،
« لام » دىيەلمەي قىينىلىسەن ، قىينايسەن .

ئۇزاق يولدا يۈكۈم ئېغىر زىيادە ،
بىلىسەنۇ ئالالمايسەن قولۇمدىن .
يوشۇرۇنچە ياش تۆكسەن غېمىمگە ،
يۆلىيەلمەي ئوڭۇمدىن يا سولۇمدىن .

قىلىچلارغا تەنها تۇتتۇم كۆكسۈمنى ،
قالقانلارنى كىرەك قىلماي سېنىڭسىز .
تۇكۇرمىدىم ئاغزىم قانغا تولغاندا ،
يۇتتۇم يەنە ياتقا تىنماي سېنىڭسىز .

يۈرىكىڭدە ئەقىدە بار تاغ كەبى ،
دال بولمىدىڭ جۇدۇنلاردا تامچىلىك .
ئالۋاستىلار يوپۇرۇلۇپ كەلگەندە ،

پىنھان ئەپسۇن كار قىلىدۇ قانچىلىك .

قورۇندۇڭمۇ قاراپ تۇرغان كۆزلەردىن ،
قىسىلدىڭمۇ پىتنە ـ پاسات سۆزلەردىن .
كۆيۈك ئوتى ئۆرتىسىمۇ باغرىڭنى ،
ئۆتەلمىدىڭ كۆنۈپ قالغان يۈزلەردىن .

نىمجان بولدۇم پىراق چېكىپ نەچچە يىل ،
ۋىسال تىلەپ ئۆتتۈم دائىم تەڭرىدىن .
ئەنسىرەيمەن سەندىن نە ھال كۆرەر دەپ ،
بىر كۈنلەردە ئورۇن ئالسام قەبرىدىن .

ئۈن چىقارماي يىغلارسەنمۇ ئۆيۈڭدە ،
ئاياغ ئىزى باسالماستىن قەبرەمگە .
ھازا ئېچىپ ماڭسا تۇپراق بېشىغا ،
گۈل تۇتقۇزۇپ قويارسەنمۇ نەۋرەمگە .

1994 ـ يىل ئاۋغۇست ، قەشقەر

# كۈتتۈم ئۇزاق

كۈتتۈم سېنى كۈتتۈم بەك ئۇزاق ،
ئۈمۈدۈمنى ئۈزمىدىم جانان .
مەيلى بۇلبۇل ياكى زاغ بىلەن ،
بەزمىلەرنى تۈزمىدىم جانان .
ئۆكۈنمىدىم « ھەي . . . » دېگەن بىلەن ،
ئەقىدىنى بۇزمىدىم جانان .

نۇر چاچار كۈن يىراق بولسىمۇ ،
كۈلدۈ ئاي كۆكتە تۇرسىمۇ ،
بىر زېمىندا تاپمىدۇق ۋىسال ،
يۈرەكلەرگە زەرداب تولسىمۇ .
تەقدىرىمدىن زارلاپ يۈرمىدىم ،
ئەقىدىنى بۇزمىدىم جانان .

دېدى مېنى بەزىلەر : ساياق ،
بولمىسا ئۇ يۈرەمدۇ ياياق ،
يەنە قۇردى قەدەمدە توزاق ،
قۇسۇر تېپىپ قىلىشتى مازاق ،
غۇرۇرۇمنى يەرگە ئۇرمىدىم ،
ئەقىدىنى بۇزمىدىم جانان .

بەزىلىرى دولامنى قاقتى ،
خىزمەتلىرىم كۆكلىگە ياقتى ،
چىقىۋېلىپ ئېگىز ئۆگزىگە ،
مەن تىكلىگەن شوتىنى چاقتى .
يامىششنى راۋا كۆرمىدىم ،
ئەقىدىنى بۇزمىدىم جانان .

ساقلىغىنى ئازغان ئىكەن دەپ ،
سۇخەنچىلەر تارقىتىشتى گەپ ،
مەن دېدىمكى : چوغلۇق ئەسلى ئۇ ،
يىلتىزلىغان يۇرەكتە كۆكلەپ ،
پىتنىلەرگە پەرۋا قىلمىدىم ،
ئەقىدىنى بۇزمىدىم ، جانان

گۆش ئەكەلسەم بېغىر كەن ، — دېدى ،
ماڭغان يولى چىغىر كەن ، — دېدى ،
زورلۇقلارغا ئەگمىدىم بويۇن ،
بىراق ، بوينى قىڭغىر كەن ، — دېدى ،
ئۆز يولۇمدىن چەتنەپ يۇرمىدىم ،
ئەقىدىنى بۇزمىدىم جانان

مەنزىل ئىكەن شۇنچىلا يىراق ،
بار بۇ يولدا بەتبۇي ، خۇش پۇراق .
نى ئىشلارنى قىلمايدۇ كىشى ،
ۋىجدانىغا قويمىسا سوراق ،
شەيتانلاردىن تەلىم ئالمىدىم ،

ئەقىدىنى بۇزمىدىم جانان .

تەنها باستىم ئۇزۇن يوللارنى ،
پۈرىمىدىم ھەرخىل گۈللەرنى ،
يىقىلساممۇ ئەتمىدىم قوبۇل ،
غەرەز بىلەن سۇنغان قوللارنى ،
تۈلكىلەرگە مۇخلىس بولمىدىم ،
ئەقىدىنى بۇزمىدىم جانان

سۇ بويىدا يۈرسەممۇ چاڭقاق ،
قۇرسىمۇ تىل بىلەن تامغاق ،
ئوقچۇپ ـ ئوقچۇپ جىلۋە ـ ناز بىلەن ،
كۆز ئالدىمدا تۇرسىمۇ بۇلاق ،
ئۆزگە جامدىن مەيلەر يۇتمىدىم ،
ئەقىدىنى بۇزمىدىم جانان .

نىگار ئۆزۈڭ شۇنچە يىراقتا ،
ئۆتەر كۈنۈم ھىجران ـ پىراقتا ،
يېڭىدىكەن كىشىنىڭ يارى ،
سەن كېلىسەن قانچە ئۇزاقتا ،
ئاھ چەكسەممۇ ياشلار تۆكمىدىم ،
ئەقىدىنى بۇزمىدىم جانان .

كۆرۈنگەن يىراق ئەمەس تاغ ،
نېسىپ بولار دىدارى بىر چاغ .
ئەقىدىدىن كۆچەت تىككەننى ،
مېۋىسىدىن ئۈزۈۋ قويماس باغ ،

ئۈمىدسىزدىن ياندىپ ئۆتمىدىم ،
ئەقىدىنى بۇزمىدىم جانان .

1995 ـ يىل ئاپرېل ، قەشقەر

## شائىرلىق سىرى

( بىر شائىر تىلىدىن )

ــــ ئۇقۇپ ــ ئۇقۇپ ئەشئارلىرىمنى ،
ئەجەب تاتلىق كۈلۈپ كېتىسەن .
ھېسلىرىمىز ئوخشاش ئىكەن دەپ ،
خۇشاللىقتا چۆمۈپ كېتىسەن .

دەيسەن يەنە : شائىر ئەمەستىك ،
نەدىن كەلدى ساڭا بۇ ئىلھام ،
شېئىر يېزىش دېگەنىنىڭ ياكى ،
بارمۇ سىرى مېنىڭدىن پىنھان .

ــــ تۆگكەن ئۈنچەك لەھەڭ لېۋىڭدىن ،
بولۇپ قالدى بوينۇمدا تۇمار .
گۈلدەك بويۇڭ گۈللەر سەر خىلى
قىلدى دائىم كۆرمەككە خۇمار .

زۇننارىڭدىن چېقىلغان چاقماق ،
ماكان قىلدى مىسكىن كۆكسۈمنى .
چىرمىۋالدى زەنجىرلىرىگە ،
بەند قىلىپ خەستە كۆڭلۈمنى .

قاشلىرىڭ يا ، كىرپىكلىرىڭ ئوق ،

ئارىسىدا كۆرۈلىرىاڭ ـ سەييار .
ئۇۋلىغاندا زەئىپ جىنىمنى ،
كۆكۈل قۇشۇم كۆتۈردى پەرياد .

شۇ پەريادتىن تۇغۇلدى شېئىر ،
ھەر مىسرادا سۆيگۈلۈك ئوتى بار .
ھەر توچكىدا بىردىن جاراھەت
سەييادلارنىڭ ئاتقان ئوقى بار .

## چىرايلار

باھاردەك چىرايلار ، يازدەك چىرايلار ،
تەبەسسۇم چىرايلار ، گۈلدەك چىرايلار .
نىمە دەي ، يەنە بار ھەسەتتىن كۆيگەن ،
تاتارغان چىرايلار ، مۇزدەك چىرايلار .

ئاشۇنداق چىرايلار ئىچىدە ئۆستۈم ،
گاھ كۈلدۈم ، گاھ يىغلاپ زارلىدى كۆكسۈم .
گاھ ماڭدىم يوللاردا قەد كېرىپ مەغرۇر ،
گاھ تېنەپ .. تەمتىرەپ ، مىخقىمۇ ئۈستۈم .

ئىللىق گۈل چىرايلار بىقىپ مېھرىدە ،
ياشناتتى قەلبىمنىڭ كۆچەتلىرىنى .
مەرىپەت نۇرىنى چاچتى ئاياۋسىز ،
ئارىلاپ ئەقلىمنىڭ رۇجەكلىرىنى .

شۇ ئىللىق چىرايلار تونۇتتى ماڭا ،
ھاياتنىڭ قەدىرلىك ، ئۇلۇغلۇقىنى .
غايىدىن كۈچ تاپتىم ، ئىنتىلدىم تىنماي ،
كۆزلىبان ئىقبالنىڭ يورۇقلۇقىنى .

مەن كۈلسەم زەپەردىن ، تاتىرىپ ، ئۆڭۈپ —
ھومايدى جۇت چىراي ھەسەتخۇمارلار .
— يوق قىلچە ئاق يېرى ، — دېدى ، — قاپقارا ،

تۆھپەمگە پۇتۇشتى سانسىز گۇناھلار .

مەنزىلىم ئۇزاقۇ ـ ئالدىمدا توساق ،
ھەر قەدەم باسمىقىم بولغىنىدا تەس .
مېھرىبان چىرايلار رىغبىتى بىلەن ،
يەنىلا يۇكسەلدىم توساق بولدى پەس .

قەلبىمنى توگلىتىپ مۇزدەك چىرايلار ،
ھاياتتىن نەچچە رەت بەزدۇردى مېنى .
ئاپتاپتەك چىرايلار ئېرىتىپ دىلنى ،
ئۈمىدلەر كۆكىدە كەزدۇردى مېنى .

چۆلدىمەن ، باغدىمەن ، تاغدا ، دالىدا ،
شۇ ھەرخىل چىرايلار ئارىسىدا مەن ،
تەبەسسۇم گۇل چىراي كۆگلۇم كۆكىدە ،
شۇلارنىڭ كۆزىنىڭ قارىسىدىمەن .

ئالايسۇن ، تاتارسۇن ، دوق بىلەن باقسۇن ،
ھەسەتتىن ئەت ئالماس سىرىق چىرايلار ،
ئۇلارنىڭ ۋەھىمىدىن پەرۋايىم پەلەك .
ماڭا چىن ھەمنەپەس ئىللىق چىرايلار .

تۆكمەيمەن يېشىمنى ھەيۋىدىن تىترەپ ،
ئۇچۇپمۇ كەتمەيمەن « ھە ـ ھۇ » ئالدىدا ،
دوست باغدا ، مەن باغدا ، جەگگاھقا كىرسە
مۆكۇنۇپ ئالمايمەن قورقۇپ دالدىغا .

مەن هەر جاي ـ ماكاندا ئەمەس بىگانە .
مېھرىبان چىرايلار ئارىسىدىمەن .
ياشىدىم ، ياتنايمەن دوستقا جان پىدا ،
تۇز بولۇپ رەقىبىنىڭ يارىسىدىمەن .

## گۈل ۋە ئېشەك

( مەسەل )

— ئىست ، ئىست چەيلىنىپتۇ گۈل ،
دېدى بىرى ئاچچىق ئاھ ، چېكىپ ،
كۆردۈم توپا ـ چاڭغا مىلىنىپ ،
يەردە تۇرغان گۈلنى مەن كېلىپ .

كىرىپ كەپتۇ بىتاقەت بولۇپ ،
گۈلزارلىققا ئاچ قالغان ئېشەك .
گۈل ، يا ئوت ـ خەس ئۇنىڭغا پەرقسىز ،
يېمەك بوپتۇ راسا تويغۇدەك .

تازا تولۇپ ئېچىلغان گۈلنى ،
شاخ بىلىدىن چايناپ ئۈزۈپتۇ .
شۆلگىيىنى ئېقىتىپ راسا ،
ئۆز ھالىغا ھۇزۇر سۈرۈپتۇ .

كۆرۈپ قېلىپ ئېشەكنى باغۋەن ،
گۈلزارلىقتىن قوغلاپتۇ ، ئۇرۇپ .
ئېشەك قېچىپ ، يېمەك بولغان گۈل ،
قاپتۇ شاختىن ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ .

چەيلەپ گۈلنى ئاياغلىرىدا ،

يوقۇلۇپتۇ ئىشەك بۇ يەردىن .
بىلسە ئىشەك قىلامتى شۇنداق ،
گۈل ئۆسكەننى قانچىلىك تەردىن . . . ؟

## قۇشلار مېنىڭ دوستۇمدۇر

مەھەللىمىز تېرەكلىك ،
ھويلىمىز تال ـ ئۈزۈملۈك .
ئاڭا ياندىش باغمۇ بار ،
مەنزىرىسى كۆكلۈك .

قاپاق ئاستىم تېرەككە ،
ئۇۋا ئەتتىم باراڭغا .
دېدىم : دادا تۇگلۈك ئاچ ،
قارلغاچ كىرسۇن ئايۋانغا .

كەلدى قۇشلار كۆكلەمدە ،
ھۆسن قوشۇپ باغلارغا .
ئورۇنلاشتى قارلىغاچ ،
ئايۋاندىكى ناۋاغا .

قارا غوجىلار قاپاقنا ،
مېھمان بولۇپ كىرىشتى .
تۇمۇچۇقلار باراڭدىن ،
ئۇۋىلارنى تېپىشتى .

كاككۇك ، سوپىسوپىياڭ . . . قۇشلارمۇ ،
ئۆزىگە خاس جاي ئالدى .
ئاق قۇچقاچمۇ تاملارغا ،

بىر ئەپلىان ئۇۋا سالدى .

تۇمۇچۇقۇم سەھەردە ،
دەيدۇ : قوپقىن جان ئاداش .
ئادەت بولسۇن ھەر دائىم ،
مەكتىپىڭگە ئالدىراش .

چۇشتە كەلسەم قارغۇجا ،
ئۇشكە① دەيدۇ : تىر② دەيدۇ .
قەلبىڭگە ئىلىم - پەندىن ،
ئۈنچىلەرنى تىز دەيدۇ .

كەچتە : دوستۇم كەلدىڭمۇ
دەيدۇ ، — قۇچقاچ چىر ، چىر ، چىر . . .
تاپشۇرۇقنى ئورۇنلا ،
چالا قويماي بىرمۇبىر .

ئارام ئالغان چېغىمدا ،
كاككۇك - بۇلبۇلار سەيلىگە .
سوپسو يىباك ئۈن قاتار ،
بۇ ناۋالار پەيزىگە .

مەھەللىمىزنىڭ ھۆسنىگە ،
قۇشلار ھۆسن قوشىدۇ .
ناۋالاردىن يۇرتىمىز ،
خۇشاللىقتا جۆمىدۇ .

---

① ئۇشكە — ساپان ھەيدىگەن كىشىنىڭ سۆزى .

② تىر — ھارۋىكەشنىڭ ئاۋازى .

قۇشلار مېنىڭ دوستۇمدۇر ،
زېرىكمەيمەن شۇڭا مەن .
دوستلىرىمنى ئاسرايمەن ،
ياساپ كۆپلەپ ئۇۋا مەن .

## ئانا مېھرى

ئۆيگە كەلسەم مەكتەپتىن ،
ئانام كۈلۈپ قارايدۇ .
ئىللىق مېھرى نۇر كەبى ،
ۋۇجۇدۇمغا تارايدۇ .

ئېسىلىمەن بويىنىغا ،
سۆيۈپ ـ سۆيۈپ قانمايمەن .
ئانام باغرى بىر يايلاق ،
مەن قوزىچاق يايرايمەن .

باققاچ ئانام كۆيۈنۈپ ،
ھېچنەرسىدىن غېمىم يوق .
ئېگىنىم پاكىز ، تېنىم ساق ،
تاماق تەييار ، قورساق توق .

ئانام دائىم مەن ئۈچۈن ،
جەۋرى ـ جاپا چېكىدۇ .
مەن ئوقۇسام تىرىشىپ ،
كۆڭلى يايراپ كېتىدۇ .

ئانام : بىلىم ئۆگىنىپ ،
كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تول دەيدۇ .
جەمئىيەتكە كېرەكلىك ،

ياخشى ئادەم بول دەيدۇ .

شۇنچە ئېغىر بولسىمۇ
مىننىتى يوق ئىشنىڭ .
ئانا مېھرىدەك بايلىق ،
مېلى بولماس كىشىنىڭ .

جان ئانامنىڭ مېھرىدىن ،
ئەقىل ، كۆچكە تولىمەن .
ياخشى ئوقۇپ ئانامنى ،
چوقۇم رازى قىلىمەن .

## شۇ ئەتلەستە كيەيلى كۆڭلەك

ئارزۇلىغان خوتەن ئەتلىسى ،
كېلىپ تەگكەن چاغدا قولۇمغا ،
دېدىم : « پاھ ـ پاھ ، ئەجەب ئەتلەسكەن »
قانماي ئۇزاق باقتىم ئۇنىڭغا .

شۇ جۇلالىق ئەتلەس كۆزۈمگە ،
گۈل كۆرۈندى ، گۆھەر تۆيۈلدى .
گويا قەلب جامىمغا شۇئان ،
يۈرۈكقاشنىڭ سۈيى قۇيۇلدى .

قايىل بولدۇم ئەتلەسچى قىزنىڭ ،
ئىش ھۈنەردە ماھىرلىقىغا .
قاشتېشىدەك سۆزۈك قەلبىنىڭ ،
ئەتلەس ئۇزرە زاھىرلىقىغا .

كۆڭلەك كىيىپ ئاشۇ ئەتلەستە ،
ئۆتكىنىمدە ھېيتكاھ ئالدىدىن .
باقتى ماڭا قەشقەر قىزلىرى ،
زوقتا ئۇدۇل ، گاھى دالدىدىن .

توقۇ كۆپلەپ ئەتلەس خوتەنلىك،
ئەل شاتلانسۇن، قىزلار شادلانسۇن.
شۇ ئەتلەستە كىيەيلى كۆڭلەك،
ئەجدادلارنىڭ روھى يادلانسۇن.

# كۆكلەم

بەزدى كۆكلەمدىن دىرەك ئىللىق شامال غۇر - غۇر ئۇچۇپ ،
مەرھابا ئېيتتىم ئاڭا قەلبىم ئاجايىپ روھلىنىپ .

گۇلباھارغا ئاشنا بۇلبۇل كەبى شەيدايىمەن ،
شادلىقىم بولدى قىيان كۆكسۇمدە قول ئالدىم كۆتۈپ .

گۇلباھار ۋەسلىنى كۆرۈپ باغلاردا كاككۇك سايرىدى ،
بىرلا شاد كاككۇك ئەمەس كەتتى پۈتۈن جانلار كۈلۈپ .

قۇشقا پەر ، تاللارغا خال ، ھەرجانغا زەر تون كىيدۈرۈپ ،
قىز - جۇۋان ، مەرد ياش ئوغۇللار قەلبىنى ئالدىڭ ئۇتۇپ .

ئىشق ئوتى ئاتەشسىمان قەلبىمدە كۆتكەچ زارىقىپ ،
قاندۇراي كۆڭلۈم دىدارىڭنى داۋام كۆزگە سۈرۈپ .

مەن كەبى مىليون يۈرەك بولغاي ۋىسالىڭغا ماكان ،
ياشنىتىپ ئەل - يۇرتنى قال ، سەن كەتمىگەن مەڭگۈ ئۆتۈپ .

گۇلباھار ـ كۆكلەم باھار ، دىللارغا ياقتىڭ ئىشتىياق ،
تەرىپىڭنى قانچە شائىر كۈيلىگەي داستان پۈتۈپ .

# ئەيلىمە

بۇ جاھانغا بىر كېلۇر ئادەم دېگەن ،
ياخشى پەيت ـ ئىمكاننى قۇربان ئەيلىمە .
گەر كېرەك بولسا جېنىڭ دوست ـ يار ئۈچۈن ،
جاننى بەر جاناننى قۇربان ئەيلىمە .

خام خىيال ، پەسكەش تامادىن بول يىراق ،
قۇل بولۇپ نەپسىڭ ئۈچۈن چەكمە پىراق .
خىسلىتىمدىن ياشنىسۇن ئالەم دېسەڭ ،
پۈلنى دەپ ۋىجداننى قۇربان ئەيلىمە .

بولما غاپىل مەنسىپىڭنى پەش قىلىپ ،
يۈرمىگىن ئەلگە ئاساننى تەس قىلىپ .
تون پىچار پەيلىڭگە لايىق ئەل چوقۇم ،
ئاق كۆڭۈل مەرداننى قۇربان ئەيلىمە .

تىنچ ئەمەس دۇنيا رەزىللەر دەستىدىن ،
قوي لىباسلىق بۆرىلەرنىڭ قەستىدىن .
نەدە باركەن بۆرىنىڭ قوي بولغىنى ،
گول بولۇپ پاقلاننى قۇربان ئەيلىمە .

# تورغاينىڭ ھەسرىتى

( مەسەل )

غەمسىز ، ئەركىن پەرۋاز قىلىپ يايرىشىپ ،
ئۆز تىلىدا ۋىچىرلىشىپ ، سايرىشىپ .
ياشايدىكەن بىر تۈپ تورغاي دالادا ،
گاھى يەردە ، گاھى ئۇچۇپ سامادا .
ئۆتىدىكەن بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈپ ،
مەمنۇن ئىكەن تۇرمۇشىدىن سۆيۈنۈپ ،
ئاشۇ توپتا بىر تورغايچاق بار ئىكەن ،
ئۆزى كىچىك ، تەپەككۇرى تار ئىكەن .
ئامراق ئىكەن كۆرگەن يەرگە بېرىشقا ،
خىيالىغا كەلگەن ئىشنى قىلىشقا .
بىر كۈنى ئۇ بىر مەنزىلگە كەپ قاپتۇ .
— ئەجەب ئېسىل بىر جاي ئىكەن ، — دەپ قاپتۇ .
يىغىلغانىكەن بىر توپ ئادەم بۇ يەرگە ،
كۆز تىككەنچە ئېسىپ قويغان قەپەسكە .
سايرار ئىكەن قەپەس ئىچىدە بىر تورغاي ،
ماختار ئىكەن ھەممە كىشى دەپ : « ھاي ـ ھاي ! »
بىلمەي ھالىن قەپەستىكى تورغاينىڭ ،
ئەسىرى بوپ ماختاشلارنىڭ « ھاي ـ ھاي » نىڭ ،
زوقى كەپتۇ بۇ تورغاينىڭ ئۇنىڭغا ،
دەپتۇ : ئامەت كەپتىكەندە شۇنىڭغا .

تۇرغان جايى شۇنچە ئېگىز يەر ئىكەن ،
قەپىسمۇ ئەجەب ئېسىل زەر ئىكەن .
يۇرمەيدىكەن قومۇشلۇقتا ، توپىدا ،
ياتمايدىكەن چاۋا ـ چاتقال ئۇگىدا .
مەنمۇ شۇنداق بىر ماكانغا ئېرىشسەم ،
ھۇزۇرلىنىپ ، سايرىغىلى كىرىشسەم .
بۇ بېشىمغا بەخت قۇشى قونامدۇ ؟!
ئىناۋىتىم شۇنچە ئۇستۇن بولامدۇ ؟!
شۇ چاغ تورغاي خىياللاردا مەست بولۇپ ،
قەپەس كۇيى بىلەن ھەيران ـ ھەس بولۇپ ،
كىرىۋاپتۇ ئاغزى ئوچۇق قەپەسكە ،
بوپتۇ گويا ئېرىشكەندەك زەپەرگە .
خۇشاللىقتىن سايراپ ـ سايراپ قانغۇچە ،
قەپىسنى ئايلىنىپتۇ ، ھارغۇچە .
تورغاي كېلىپ ھەپتە ئۆتكەن كۇنىسى ،
كاتتا « شەپقەت » ئاتا قىلىپ ئىگىسى .
زەرلىك يوپۇق يېپىپ قەپەس ئۇستىگە ،
بوپتۇ راسا سايرىتىشنىڭ قەستىدە .
بارا ـ بارا قاپتۇ تورغاي مۇڭلىنىپ ،
كۇنلەپ ـ كۇنلەپ سايرىماپتۇ ئويلىنىپ .
دوستلىرىنى دائىم ئەسكە كەلتۇرۇپ ،
روجەكلەردىن كەڭ ساماغا تەلمۇرۇپ .
كەپتۇ كۆكتە پەرۋاز قىلىپ ئۇچقۇسى ،
باغرى ئىللىق ئۇۋىسىنى قۇچقۇسى .
ئايرىلىشنىڭ جاپاسىنى تېتىپتۇ ،
ئەركىنلىكنىڭ قىممىتىگە يېتىپتۇ .

دەپتۇ : ئالتۇن قەپەس ئىچرە يېتىشتىن ،
تەلمۈرۈشتە هالۋا ـ شېكەر يېيىشتىن .
ئەركىم بىلەن دالا ـ تۈزدە بولغىنىم ،
قۇرۇت ـ قوڭغۇز تېرىپ ئوزۇق قىلغىنىم . . .
بەخت ئىكەن راسا ئويلاپ كۆرگەندە
ئەپسۇس ، بىلدىم پۇرسەت قولدىن كەتكەندە .

## ۋەتەن ئىشتىياقى

( ناخشا تېكىستى )

ۋەتەن مېھرىگە نائىللىق ،
تېنىمدە كۈچ مادارىمدۇر .
ۋەتەنىنىڭ شادلىقى بەختىم ،
دىلىمدا نەۋ باھارىمدۇر .

ئېسىل تارىخقا ۋارىسلىق ،
مېنىڭ زور ئىپتىخارىمدۇر .
يۈرەكتە ماگىمدەك تاشقان ،
ۋەتەنگە ئىشتىياقىمدۇر .

ئانا ئەل ، جانىجان يۇرتۇم ،
كۆيۈمچان غەمگۇزارىمدۇر .
ئۇنىڭ ئىشقىدا كۆي قاتماق ،
بۈيۈك ئارمان ، مۇرادىمدۇر .

# خامان ناخشىسى

( ناخشا تېكىستى )

لاي .. لاي ئېيتسام خاماندا
كىملىكىمنى بىلدىڭمۇ ؟
سول بېشىدا ، ئېتىزدا
مېنى خىيال قىلدىڭمۇ ؟

باش باھاردا ئاسماندا ،
ئاي يېگانە ئۈزگەندە .
قولىمىزدا جۇپ كەتمەن ،
يەرگە ئۈنچە تۆكگەندە .

مول ـ ھوسۇللۇق چاغلارنى ،
بىز قىلماپمىدۇق ئارمان .
ئەنجىلەرگە ئورمىدا ،
تار كەلدى مانا خامان .

بىللە لاي ـ لاي ئېيتايلى ،
كەل نىگارىم خامانغا ،
چەشتىن ئالتۇن تاغ ياساپ ،
بىز يېتەيلى ئارمانغا .

نەقرات :

سەنمۇ كەلگىن خامانغا
بىز يېتەيلى ئارمانغا .

# ئانىنىڭ خېتى

ئىلىم پەرۋانىسى ئوغلۇم ، كۆزۈمنىڭ قارىسى ئوغلۇم ،
تومۇردا قان ، تېنىمدە كۈچ ، يۈرەكنىڭ پارىسى ئوغلۇم .

قوشۇندا سەن بۈگۈن جەڭچى ، ۋەتەن ، خەلقنىڭ كۆزى سەندە ،
ئىشەنچ ، ئارزۇدا باغلانغان ، ماڭا دىل تارىسى ، ئوغلۇم .

ئانا ئەل كۈلسە ھەرلەھزە ، تېنىڭدە ئۈلغىيار دەرمان ،
بولۇرسەن شۇندا ئەجدادنىڭ ھەقىقىي ۋارىسى ئوغلۇم .

سۇباتى تاغ ، دىلى ئوتلۇق لوتۇن ، سادىر ساڭا ھەمدەم ،
قورالى ـ زەركىتابى دەل ئۇنىڭ يادنامىسى ، ئوغلۇم .

مۇقەددەس بۇرچ ۋەتەن قوغداش بۇ يولدا يانما مۇشكۈلدىن ،
ئىزىڭ بولسۇن يېڭى تارىخ بېتى ـ جەڭنامىسى ، ئوغلۇم .

گويا رۇستەم كۈچى بىرلە ، لەھەتكە ئۈزىتىپ ياۋنى ،
مۇرادىم ھەل ، ئاتالساڭ جەڭ چېلىش مەردانىسى ئوغلۇم .

« شەرەپ ـ شانلار قۇچۇپ كەلسە . . . » دېگەن شەرتنى ئادا قىلساڭ ،
ساڭا تالىق بۇ يۇرتۇڭنىڭ گۈزەل جانانىسى ، ئوغلۇم .

## بىر دوستۇمغا

دوست بولغاندا سىنىڭ بىلەن مەن ،
مىزانىڭنى بىلمەيتتىكەنمەن .
دوستلۇق شەرتى باراۋەرلىكقۇ ،
ئۇنى بىلمەس دىمەيتتىكەنمەن .

ئۆتتى كۈنلەر شاد ئىكەن دىلىڭ ،
ئۆزۈڭنىلا كۆرسىتىپ تۇرساڭ .
غادايغانغا پۈكۈلۈپ يادەك ،
ياۋاشلارنى ئۈركۈتۈپ تۇرساڭ .

مەنمۇ ساڭا يارىغىدەكمەن ،
ئىشارەتكە « خوش » لا دەپ بەرسەم .
قولتۇقۇڭدىن چىقىرىپ باشنى ،
سەندىن ئىشىپ قالسا يەپ بەرسەم .

بولمايتتىمەن دوستقا مۇناسىپ ،
« لەببەي » لەردىن بولغاچ بىساۋات .
تىگىپتىمىش شۇڭا زىيىنىم ،
قىلىپ كۆرسەڭ نازۇك ھىسابات .

بولالامتۇق شۇندىلا ئاداش ،
جاپاغا مەن « ئەپ » كە سەن تۇرساڭ .
ساڭا ھەرگىز تەگمىسە شامال .
زىيانغا مەن نەپكە سەن تۇرساڭ .

## شارچە خسلەت

یەل بەرگەندە توپقا هەر كىشى ،
تولغىنىنى بىلىدۇ بېسىپ .
قاپلاپ تۇرغاچ كامىرنى تېشى ،
كېتەلمەس یەل نورمىدىن ئېشىپ .

ئوخشىمايدۇ بىراق شار ئاڭا ،
پۇ دېگەنچە كېتەر كېرىلىپ .
تولغىنىنى قالغاچقا بىلمەي ،
هالى خاراب بولار يېرىلىپ .

بەزىلەر بار ئوخشايدۇ شارغا ،
« يەل » بەرگەنچە يوغۇنار بېشى .
يەلچىلەرنىڭ « هە ـ هۇ . . . » سىلا بەس ،
« هاي » دېگەنگە قېرىشار چىشى .

شۇ تەرىقە كېرىلىپ ، تېشىپ ،
هەر تامانغا ئۇرار ئۆزىنى .
هەق زەربىدىن يېرىلسا بېشى .
ئۆكۈنۈشتىن ئاچار كۆزىنى .

شۇ ئەسنادا ئەتراپنى ئىزدەپ ،
« يەلچى » لەردىن ئالالماس دېرەك .
باشقىلاردىن قىزىرار يۈزى ،

كېرىلگەندە قىلمىغاچ كېرەك .

كىم بۇ دېسە ھە دەپ شار كەبى ،
كېرىلمىگىن دوستۇم شاپاشلاپ .
بىلگىن شۇنى ئەگەر يېرىلساڭ ،
بۇ دېگەنلەر كېتىدۇ تاشلاپ .

## ۋاپادىن گۈل قىساي بېشىڭغا

دەريادەك مېھرىڭنىڭ ئېقىمى ،
ئانىجان ئەپكەلدى قېشىڭغا .
قۇچاقلاپ سۆيدۇم ھېچ قانمىدىم ،
كۆكسۈڭگە ، مەڭزىڭگە . . . قېشىڭغا .

مېھمان دەپ تۆرگىلا باشلىيسەن ،
ئىش كۈتسەم يولاتماي يېنىڭغا
يامانلاپ قالمىغان بولغىيتتىڭ ،
تەگمىگەنىدىم يا چىشىڭغا .

سۈپۈرگە كۆتۈرسەم ئەمدىلا ،
دېدىڭ : چاڭ قونمىسۇن چېچىڭغا ،
خان بالام سۈپۈرەي يەرنى مەن ،
ئۆيگە كىر ، ئېغىز تەگ ئېشىڭغا . . .

بالا دەپ بولىسەن پەرۋانە ،
ھەممىنى ئېلىپ ئۆز بېشىڭغا .
جاپالار چەككىنىڭ بىلىنمەي ،
تېپىدۇ خوشلۇقۇڭ تېشىڭغا .

قويمىغان ئىكەنغۇ داداڭ ھەم ،
« جاپاكەش » دېگەننى ئېتىڭغا .
چەكتىڭغۇ ئەجەب كۆپ رىيازەت ،

کەلگۈچە شۇنچىلا يېشىڭغا .

ئۇپراتما جېنىڭنى جان ئانا ،
كۈنۈ- تۈن تەييارمەن ئىشىڭغا .
جىسمىمدۇر پاياندار سەن ئۈچۈن ،
ۋاپادىن گۈل قىساي بېشىڭغا .

# ساۋاق

يېيىشۋېتىپ كېۋەزلەرنى ئاپتاپقا ،
كۆرۈپ قالدىم نىمجان بولغان ھەربىنى .
— ئۆلتۈر ئۇنى ، ئۇ چاقىدۇ ھېلىلا ،
دېدى ئانام ، تۇرگىنىچە تەربىنى .

ئۆلتۈرمىدىم ، ئىچ ئاغرىتىپ ، ئويلىدىم :
« شۇمۇ جانغۇ ھۇزۇرلانسۇن پاختىدا .
بىچارىنىڭ قىمىرلاشقا ھالى يوق ،
چاقالامدۇ ئاران تۇرغان ۋاقتىدا .

يىغىۋاتسام كېۋەزلەرنى كەچقۇرۇن ،
— ۋايەي ! شىللەم « پىژ » لا قىلىپ ئېچىشتى .
سەكرەپ كەتتىم ئاغرىقىغا پايلىماي ،
كۆرگەنلەرمۇ ھەيران بولۇپ قېلىشتى .

تۇتۇۋالدىم چېقىۋالغان جانۋارنى ،
قاراپ كۆرسەم ئاشۇ نىمجان ھەرە شۇ .
ئانام سۆزىن ئاڭلىماستىن رەھىم قىپ —
نەشتەرلىكتىن كۆرگەن « ۋاپا » بەرى شۇ .

ئانام دېدى — چېقىش ھەرە ئادىتى ،
تا ئەبەدكە ئۆزگەرمەيدۇ بىلىپ قوي .
قىلمىشىنى مانا بۇگۈن كۆردۇڭغۇ ،
بۇ ساۋاقنى دىلغا مەھكەم سېلىپ قوي .

## تۆيۇقلار

بەيگە ئىچرە بىلىنەر ئۇچقۇر ، يارامىلىق ئات بالام ،
قويۇلار ئەل كۆڭلىدىن ئادەمگە ياخشى ئات بالام ،
ياشىسۇن نامىم دېسەڭ ئەل قەلبىدە داستان بولۇپ ،
ۋەتىنىڭ ، خەلقىڭ ئۇچۇن جەڭگە ئۆزۈڭنى ئات بالام .

ئالاي دېسەڭ مول ھوسۇل ، ئىشقا باھاردىن قولنى سال ،
ھەم بولۇپ تەدبىرگە باي ئىلمىي ئۇسۇلنى ئىشقا سال .
ئەجرى قىل يەڭنى تۈرۈپ ماڭلاي تەرىڭنى ئاققۇزۇپ ،
بولمىغىن دەريادا لەيلەپ يۈرگۈچى بىكارچى سال .

دېھقان دوستۇم ئەلنىڭ ئىشقى دەرياسىدا ئاق ،
تەرىڭ تۆكۈپ ، غېرىچ يەرنى قالدۇرمىغىن ئاق .
مېھنىتىڭدىن كۈلسە ئەگەر ئەلنىڭ چىرايى ،
ئەل ئالدىدا بولۇر يۈزۈڭ شۇنچە يورۇق ـ ئاق .

بىر زامان گۈل بوپتىمەن ئېزىتقۇ « پاتقاق كەچ » دېسە ،
قەدرىنى بىلمەي سەھەرنىڭ ياخشى ئاندىن كەچ دېسە .
دەۋرىمىز ئەقىل بېرىپ تونۇتتى ئاق ھەم قارىنى ،
جان بەدەل ئات سالىمەن خەلقىم « جېنىڭدىن كەچ » دېسە .

جاپا چەكمەي ھۇزۇر ئىلىپ كۆردۈم بەلەن چۈش ،
ئويغىنىپ ئاچسام كۆزۈمنى بوپتۇ چىڭقىچۈش .

دېدى ئانام : ھۆزۈر ئالاي دېسەڭ ھاياتتىن ،
بەلنى باغلاپ ئۇلۇغ مېھنەت قاينىمىغا چۈش .

ھايات دەرياسىدا ئۈزسەڭ نى سەۋدالار كېلەر باشقا ،
چىدام غەيرەتنى يار قىلساڭ چىقارسەن غەلىبىلىك باشقا ،
دىلىدا غايىسى يۈكسەك غەيۇرنى كۈتىدۇ شادلىق ،
ھاياتتىن تاپمىغاي لەززەت ، سۆزى باشقا ، دىلى باشقا .

ئۆگىنىش پەيتىڭ مۇشۇ قولغا قەلەمنى ئال بالام ،
بىسەۋەب سارغايتمىسۇن دىلنى نادانلىق ، ئال بالام .
پەن ـ بىلىم قاينىمىدا ئۈزگىن دېڭىزدىن سۈز گۆھەر ،
ئەل ئارا ئىجادچى دەپ ياخشى ئاتاقنى ئال بالام .

جەڭچى بولساڭ ئەلنى قوغدا ، ياۋنى قوغلا ، چەيلە ، سۈر ،
ھەمدە قوغداپ ھۆر ھاياتنى دەۋرنىڭ پەيزىنى سۈر .
ئەل ساڭا تاغدەك يۆلەنچۈك شۇڭا چەكسىز قۇدرىتىڭ ،
ئاڭلىسا نامىڭنى ، دۈشمەننى باسار ۋەھىمە ، سۈر .

« تۆھپىكار بولغىن » ـــ دېدى خەلقىم ئىجادقا ئۈندىدى ،
بىخ سۈرۈپ ئىجادىيەت گۈلزارلىقىدا ئۈن دېدى .
بۇ دەۋر ئىمكانى كەڭ شان غەلىبىلەر قۇچماق ئۈچۈن ،
نەۋ باھارنى كۈيلە بۇلبۇللارغا قاتقىن ئۈن ـــ دېدى

مەن ئۆزۈم باغلاردا گۈل ئۆستۈرگۈچى بىر گۈلچىمەن ،
ـــ كەل بېغىمغا سەيلە ئېتىپ ، گۈللەرنى كۆرگىن گۈلچىمەن .
باغۋەنى بولماق بۇ باغنىڭ نەقەدەر زور ئىپتىخار ،
بىز تىزايلى ئەلگە باغدىن دەستە ـ دەستە گۈلچىمەن ،

بۇ كۆڭۈل سۆيدى سېنى مەڭگۈگە بولسا يار ـــ دېدى .
ۋە لېكىن ئالدىڭدا بار ئۆتكىلى بولماس يار ، دېدى .
شۇ سەۋەب چەكتىم ئازاب ئەمما كۆڭۈل قىلدى خىتاب :
قورقمىغاي ئاشىق دېگەن ، مۇشكۇل توساقنى يار ، ـــ دېدى .

بىز ئىككىلەن جۆر بولۇپ كەلدۇق سەپەردە يانمۇيان ،
چەك قويۇپ ناتوغرا يولغا ھەم دېيىشتۇق ماڭما ـ يان .
سەندىكى غايە قەدىرلىك ، مەن شۇڭا قايىل ساڭا ،
دەر كۆڭۈل شۇ ئامرىقىڭ يانغان ئۇلۇغ گۈلخاندا يان .

## يېڭى يىل ھارپىسى

يېڭى يىل ھارپىسى كەچتە ،
ئاتا ـ ئانام بىلەن بىرگە ،
قىلىشتۇق مەنىلىك سۆھبەت ،
گويا دىلدا قىيان كۆلكە .

دادام دەسلەپ ئېلىپ سۆزنى ،
دېدى : « مېھمان يېتىپ كەلدى ؛
ئەشۇ مېھمان ئېغىر يۈكنى ،
يەنە بىزگە قېتىپ كەلدى .

قېنى كىم بىباھا تۆھپە ،
بۇ سورۇنغا ئېلىپ كەلدى .
بايان ئەيلەيلى كىم ياكى ،
ئۇتتۇق شانىسىز يېنىپ كەلدى ؟ »

ئانام ئېيتتى : « گۈدەكلەرگە —
مېھر بىرلە بېقىپ كەلدىم .
تالاي سەبىي يۈرەكلەرگە ،
بىلىمدىن ئوت يېقىپ كەلدىم .

قىرىق بەش ئۆسمۈرۈم مەزمۇت ،
ئوقۇيدۇ ، ھەم يازالايدۇ .
كىرىپ پەن ئىشىكىدىن ئەركىن ،

گۆھەر ـ ئۈنچە قازالايدۇ . . . »

دېدى ئاچام : « توقۇشتا رەخت ،
سۈپەت ھەم ساننى چىڭ تۇتتۇم
بولۇپ ئىلغار يېڭى يىلغا ،
قىرىق ئۈچ كۈن بۇرۇن ئۆتتۇم . »

دادام ئېيتتى : « ھوسۇلۇم مول ،
قوناق ، بۇغداي . . . زىرائەتتىن .
تاغار ھەم كاتلىرىم ھاڭ ـ تاڭ ،
بۇ يىلقى بۇ كارامەتتىن . . . »

دېيىشتۇق ھەممىز بىردەك :
« يەنە كەم سوغىمىز يىلغا .
بۈيۈك مەنىسەت تىلەكلەرنى ،
پۈكەيلى ئورنىتىپ دىلغا . »

## قورچىقىم

نە ئۈچۈندۇر ياقتۇرۇپ قالدىم سىنى ،
كەلگىنە بىر مۇڭدىشايلى قورچىقىم .
سەن تەبەسسۇم ئىلكىدە يۇ مەن خاپا ،
نە سەۋەبكى ، ئويلىشايلى قورچىقىم .

ئۆلپىتىم بار شۇنچە كۆپ ئادەم ئارا .
يەتكۈچە هال ـ مۇڭ بولارمىز قورچىقىم .
بىرلىرىگە تون پىچىپ ، بىرنى غاجاپ ،
كۆڭلىمىزنى خۇش قىلارمىز قورچىقىم .

سۆز ئارا ئىرىپ سىمابتەك ، سىردىشىپ ،
ئاچىمىز ئىچ ـ باغرىمىزنى قورچىقىم .
ۋەدە قىپ « ئىنسانغا تىنماسلىق » بىلەن .
ياپىمىز سۆز خالتىمىزنى قورچىقىم .

نە ئۈچۈندۇر ئەتىسى بىرى خاپا ،
بەزىلەر باتناپ قالار مايماق قاراپ .
تۈنۈگۈنكى « سىر » بۈگۈن نەدە ؟ دىسەڭ ،
هەربىرى ئون مىڭ بولۇپ يۈرگەن تاراپ .

بەزىبىر « سىرداش » لىرىم ئالدىمدىلا ،
ماختىشار كۆككە ئىتىپ بولماي خىجىل .
ئون قەدەمچە نىرىغا ماڭسام ئەگەر ،

بولۇشار غەيۋەت ـ شىكايەتكە ئېچىل . . .

مەن ساڭا تۆكسەم سىرىمنى قورچىقىم ،
بىر ئەمەس ئون يىلدىمۇ تاپماس بازار .
ماختىنىشىڭدىن يوق تامايىم ، رازىمەن
بەرمىسەڭ غەيۋەت بىلەن دىلغا ئازار .

گەرچە كەلمەيدۇ قولۇڭدىن بىر ئامال ،
ياكى بەرمەيسەن تەسەللى سۆز بىلەن .
ئەمما چېھرىڭدىن تەبەسسۇم ئۆكسىمەس ،
ئالىمەن ئۇندىن ھارارەت كۆز بىلەن .

ياقتۇرۇپ قالدىم سېنى مەن ئاقىۋەت ،
كەلگىنە ئۇلپەت بولايلى قورچىقىم .
سىرلىرىم قەلبىڭنى پىنھان ئەيلىسۇن ،
پىتنىلەردىن ساقلىنايلى قورچىقىم .

# سەن سۆيگەنني سۆيمەن

هەر كىچە چىقسام تالاغا چاچىدۇ نۇر چىراغ ،
بارچە ئەل ئۇيقۇدا جىم بىر ئۆيدە ئۇيقۇ يوق بىراق .
قارىسام دىرىزىدىن زىهنى مۇجەسسەم بىر يىگىت ،
ئولتۇرار كۆرۈپ كىتاب ۋۇجۇدى ئۇيقۇدىن يىراق .
ئۇ بىرىلگەچ ئۆز ئىشىغا سەزمىدى شەپەمنىمۇ ،
ئويلىدىم ـ ئۇ باغلىغان نىمىگە بۇنچە ئىشتىياق .
ئارىدىن ئاز ۋاخ ئۆتۈپ بىلدىم سىرىنى مەن ئۇنىڭ ،
ئۇ بىلىم ئاشناسىكەن شۇ ۋەجىدىن چەككەن پىراق .
قەلبىمىز بىردەك ئىكەن ئەي پەن ـ بىلىم سۆيگەن يىگىت ،
مەن سىنى سۆيدۇم دىسەم دەمسەن ھەئە ۋە ياكى ياق .
مەيلى بەر قانداق جاۋاب قەلبىڭنى سۆيدۇم ئاخىرى .
پەن ئۈچۈن يانماس جاپادىن خىسلىتىڭگە مەن ئىناق .
ئارزۇيۇم بارسەن بىلەن ھەمدەمدە بولسام دەيدىغان ،
چۈنكى سەن سۆيگەنني مەن سۆيگەنگە بولدى كۆپ ئۇزاق .
سەن گويا پەرھاد بولۇپ تاغلار كىسسەڭ قازساڭ گۆھەر ،
جان كۆيەر سەپداش بولۇپ بەرسەم ساڭا ئوزۇق ، ياراق .
خىزمىتىم سۆيگۈك يولىدا بەر سەنەپ قىلچە ئەگەر ،
يۈكلىسەڭ زىممەمگە تاغ ۋايىم يىمەسمەن مەن ئاداق .

# مۇشۇكنىڭ شەپقىتى

( مەسەل )

مىياۋ ، مىياۋ ، مىياۋ . . دەپتۇ مۇشۇكجان ،
چاشقان قىزنى ئويناشقا چاقىرىپ .
— كېلىڭ قىزچاق بىز ئوينايلى مۆكۈشمەك ،
تۇرماڭ ئۇنداق بىرىيۇن قىسىپ تارتىنىپ .

قورقماڭ مەندىن مەن كۆيۈملۈك ئاكىڭىز ،
سىزگە يامان نىيىتىم يوق دىلىمدا .
زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيمەن ھېچقاچان ،
ئەندىشىسىز كېلىڭ ئويناڭ يېنىمدا .

ئىرىپ قېلىپ بۇ سۆزلەرگە چاشقان قىز ،
ماقۇل كەپتۇ مۆكۈشمەكنى ئويناشقا .
چاشقان مۆكۈپ تام ، دۆڭلەردىن ئۆتكەندە ،
ھازىر بوپتۇ مۆشۈك ئىزدەپ ، قوغلاشقا .

كۈندە - كۈندە ئويناپ - كۈلۈپ چاشقان قىز ،
قاپتۇ راستلا مۇشۇكجانغا ئىشىنىپ ،
ھەتتا چاشقان جەمەتلىرى تاماشا ،
كۆرۈشۈپتۇ ئۇۋىسىدىن چىقىشىپ .

ھەپتە ، ئايلار ئۆتكەنسېرى چاشقانلار ،

« مۇشۇك چاشقان يېمەس بوپتۇ » ، ــــ دەپ قاپتۇ .
كەلسە ھەتتا مۇشۇك قۇيرۇق ئۇيىنىتىپ ،
بويىنىغىمۇ قورقماي گىرە سەپ قاپتۇ .

بىر كۇنلۇكى بارچە چاشقان ئۇلىشىپ ،
ھەتتا ئاتا - ئانىسىنى تۇۋلىشىپ .
كەپتۇ مۇشۇك دەرگاھىغا قانغۇچە ـــ
ئويناپ - كۇلۇپ ، كۆڭۇل ئاچماق بولۇشۇپ .

كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ مۇشۇكجان ،
تېز باشلايلى دەپتۇ ، ـــ مۆكۇ - مۆكۇلەك .
ئاشۇ سۆزنى كۇتۇپ تۇرغان چاشقانلار ،
ھەر تەرەپكە تارقىشىپتۇ تەگمۇتەك .

بىرى مۆكسە ئەسكى تامنىڭ كەينىگە ،
كىرىۋاپتۇ بىرى شىرە ئاستىغا .
بىرى پىنھان بىلسە يەشىك ئىچىنى .
بىرى كىرىپ مۆكۇۋاپتۇ پاختىغا .

بۇ پۇرسەتنى بىلىپ مۇشۇك غەنىيمەت ،
« ئولجا »لارغا تاشلىنىپتۇ قىينالماي ،
ئۇنى - تۇتسا بۇ بىلمەستىن چاشقانلار ،
مۇشۇككە يەم بوپتۇ غىڭ - پىڭ قىلالماي .

بۇرۇت تولغاپ مۇشۇك تامنىڭ ئۇستىدە ،
مەمنۇن بوپتۇ ئۆز « ئەقلى » دىن نەچچە رەت .
بىلىپ تۇرۇپ مۇشۇكنى دوست تۇتقاچقا ،
چاشقانلارغا كەپتۇ شۇنداق ئاقىۋەت .

قالغان ئىكەن « چاشقان يېمەس مۈشۈك يوق »
دېگەن تەمسىل ئېتىبارەن شۇنىڭدىن .
مۈشۈكنى دوست تۇتماق بولغان چاشقانلار ،
ئىبرەت ئېلىپ ئەقىل تاپسۇن بۇنىڭدىن .

مەسئۇل مۇھەررىرى : تۇرنىسا ھەسەن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ۋاڭ ياڭ
مەسئۇل كوررېكتورى : ئاسىيە ئەخمەت

# خىسلەت

( شېئىرلار توپلىمى )

تۇرنىسا ئوسمان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
شىنجاڭ سودا ـ سانائەت باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1092×787 م م 1/32 باسما تاۋىقى : 4.875
2000 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 3,000 — 1
ISBN7—228—06080—6/I・2231
باھاسى : 7.00 يۈەن

ISBN 7-228-06080-6

9 787228 060801 >

ISBN7－228－06080－6

I·2231 定价:7.00 元